پەننىي بىلىمگە دائىر كىتابچىلار

# كۆشەندە ھاشارەتلەر

ياڭ يۇجيەن



مىللەتلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

ياڭ يۇچيەن

# كۆشەندە ھاشارەتلەر

تەرجمە قلغۇچى: مۇھەممەت ماموت

مللەتلەر نەشرياتى

# كىرىش سۆز

تەبىئەت دۇنياسىدا هاشارەتلەرنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ، ئۇلار بىر بىرى بىلەن شىددەتلىك كۈرەش قىلىدۇ ۋە بىر بىرىنى چەكلەيدۇ. بەزى هاشارەتلەر باشقا زىيانداش هاشارەتلەر بىلەنلا ئوزۇقلىنىدۇ، بۇ خىل هاشارەتلەر زىيانداش هاشارەتلەرنىڭ كۈشەندىسى ياكى پايدىلىق هاشارەت دەپ ئاتىلىدۇ.

كۈشەندە هاشارەتلەر زىيانداش هاشارەتلەرنىڭ سان جەھەتتىكى ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ، ئۇ زىيانداش هاشارەتلەرنىڭ كۆپلەپ پەيدا بولۇشىنى چەكلەشتە ناهايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەمما بەزى چاغلاردا، كىشىلەر بۇ خىل رولغا دىققەت قىلمايدۇ ۋە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، ھەتتا كۈشەندىلەرنى زىيانداش هاشارەتلەر قاتارىدا يوقىتىۋېتىدىغان هادىسىلەرمۇ يۈز بېرىدۇ. تېخىمۇ ئومۇملاشقىنى شۇكى، زىيانداش هاشارەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋە ئۇنى يوقىتىدىغان چاغدا، خىمىيىۋى دىخانچىلىق دورىلىرى نامۇۋاپىق، قالايمىقان ئىشلىتىلىدۇ-دە، كۈشەندىلەر كۆپلەپ قىرىۋېتىلىدۇ. نەتىجىدە زىيانداش هاشارەتلەر قايتىدىن ئەۋج ئالىدۇ، دىخان-

جىلىق دورىلىرىغا نىسبەتەن قارشىلىق پەيدا بولىدۇ. دىخانچىلىق ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى زىيانغا ئۇچرايدۇ.

يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، ئېلىمىزدىكى كەڭ دىخان-لار، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىشچىلىرى، پەن-تېخنىكا خادىملىرى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە، ”ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، ھەر تەرەپلىمە ئۇسۇل ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش“تىن ئىبارەت ئۆسۈملۈك ئاسراش فاكچېنىنى پائال ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىئولوگىيىلىك ئۇسۇل بىلەن ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشارەتلەرنى يوقىتىش، ئاشلىق، پاختا، ئورمان ۋە مېۋىلەردىن مول ھوسۇل ئېلىشتا ئۆزىنىڭ رولىنى بارغانسېرى ئوبدان جارى قىلدۇر-ماقتا. 1975-يىلدىكى سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، مەملىكەت بويىچە بىئولوگىيىلىك ئۇسۇل بىلەن ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش ئىشى ئېلىپ بېرىلغان يەرنىڭ كۆلىمى 27 مىليون 250 مىڭ موغا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ھاشارەت ئارقىلىق ھاشارەت يوقىتىلغان يەرنىڭ كۆلىمى 12 مىليون 600 مىڭ موغا يەتكەن. خېنەن ئۆلكىسىدە 1974-يىلى خانقىز ئارقىلىق كېۋەز كۆك پىتى يوقىتىلغان كېۋەزلىكنىڭ كۆلىمى 1 مىليون 800 مىڭ مودىن ئېشىپ كەتكەن. خانقىز ئارقىلىق كۆك پىتى يوقىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قىزىل كۆزلۈك ھەرىسى قويۇپ بېرىش ئارقىلىق كۆممە قوناق كېپىنىكى، غوزا قۇرتى، شالىنىڭ نوپۇر-

ماق پۈرلەشتۈرىدىغان كىپىنىگى، جۈملىدىن مىكرو ئورگانىزىملىق دىھانچىلىق دورىسى ئارقىلىق باشقا كىسەل-زىيانداش ھاشارەتلەر يوقىتىلغان يەرنىڭ كۆلىمى 600 مىڭ موغا يېتىپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

ھازىر قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان ئاممىۋى خاراكتېرلىق بىئولو-گىيىلىك ئۇسۇل بىلەن ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش ئىشىدا، زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ كۈشەندىلىرىنى قانداق قىلىپ تونۇش ۋە ئۇلارنىڭ ياشاش ئادەتلىرىنى ئىگەللەش پايدىلىق ھاشارەتلەر ئارقىلىق زىيانداش ھاشارەتلەرنى يوقىتىشتىكى مۇھىم ۋەزىپە. بۇ كىتاپتا تۇتۇپ ئوزۇقلىنىدىغان، پارازىت ياشايدىغان 80 خىل-دىن ئارتۇق كۈشەندىنىڭ پارازىتلىنىش دائىرىسى، ئوزۇقلى-نىشى، تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكلىرى. ياشاش ئادىتى توغرىسىدىكى ئاساسىي بىلىملەر ۋە بۇ ھاشارەتلەرنى ئاسراش، ئۇلاردىن پايدىلىنىش يوللىرى شۇنىڭدەك كۈشەندە ھاشارەتلەر-نىڭ نۇسخىلىرىنى يىغىش، ساقلاش تېخنىكىسى نۇقتىلىق ھالدا تونۇشتۇرۇلدۇ. زىيانداش ھاشارەتنى چەكلەشتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك رول ئوينايدىغان، تۇتۇپ ئوزۇقلىنىدىغان سالجا خىلىدىكىلەر ۋە ئۆمۈچۈكلەرمۇ بىرلىكتە تونۇشتۇرۇلدۇ.

گۈشەندە ھاشارەتلەرنىڭ مەنبەسى ئىنتايىن مول. ئۇلارنىڭ بىر بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ زىيان-داش ھاشارەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ. ئېلىمىزدە ئۆتمۈشتە بۇ ھەقتە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات خىزمەت-

لىرى يېتەرسىز بولغاچقا، بىز نۇرغۇنلىغان كۆشەندە ھاشارەت-
لەرنى ئىلىۋالالمىغان ھەم ئۇنىڭدىن پايدىلانمىغان ئىدۇق،
ھازىر پايدىلىنىۋاتقان بەزى خىللىرىنى بولسا يەنىمۇ تەشۋىق
قىلىشقا، ئومۇملاشتۇرۇشقا، كېڭەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ
ھەقتىكى بەزى خىزمەتلىرىمىزنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا
يۇقۇرى كۆتىرىشكە، نەتىجىگە ئېرىشتۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

سەۋىيەم چەكلىك، توپلىغان ماتېرىياللىرىمۇ يېتەرسىز بولغاچقا، بۇ كىتاپنى تۈزۈشتە كەمچىلىك ۋە خاتالىقلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن، كىتاپخانىلارنىڭ تەنقىت قىلىپ تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمەن.

ياڭ يۇچيەن

1978 ـ يىل 2 ـ ئاي، خېنەن يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدىن

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى باپ تۇتۇپ ئۇزۇقلىنىدىغان كۆشەندە


ھاشارەتلەر ........................ (1)

1. خانقىز ........................ (3)

1. يەتتە داغلىق خانقىز ........................ (5)

2. قارا جىيەكلىك قىزىل خانقىز ........................ (11)

3. سالجا يەيدىغان قارا داغلىق خانقىز ........................ (16)

4. تاغىل خانقىز ........................ (18)

5. غەيرى تۇسلۇك خانقىز ........................ (20)

6. كۆپ ئۇچرايدىغان باشقا خانقىزلار ........................ (23)

2. ئالتۇن كۆز ........................ (26)

1. چوڭ ئالتۇن كۆز ........................ (29)

2. جۇڭخۇا ئالتۇن كۆزى ........................ (34)

3. چىپار ئالتۇن كۆز ........................ (36)

4. بېشىل ئالتۇن كۆز ........................ (37)

3. سېرىق ھەرە ........................ (38)

1. ئۇزۇن پۇتلۇق سېرىق ھەرە ........................ (38)

2. تاغىل سېرىق ھەرە ........................ (41)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى


4. سېرىق تۇمشۇق ھەرە ........................ (42)
5. تۇتۇپ ئۇزۇقلىنىدىغان باشقا ھەرىلەر ............ (46)
6. ياچۋەك ............................... (51)
7. ياچۋەك باشلىق ئالتۇن كۆز .................. (55)
8. يىلان باشلىق ئالتۇن كۆز ................... (56)
9. ئۇزۇن بۇرۇتلۇق ئالتۇن كۆز ................. (57)
10. تورزاڭ قاناتلىق ئالتۇن كۆز ................ (58)
11. ماڭدامچى قوڭغۇز ........................ (59)
12. تاغىل قوڭغۇز ........................... (63)
13. يوشۇرۇن قاناتلىق قوڭغۇز .................. (65)
14. ئىلمەك قۇرۇت .......................... (67)
15. دوغداق قوڭغۇز .......................... (69)
16. شەيتان قوڭغۇز .......................... (70)
17. ئالا قوڭغۇز ............................ (71)
18. يىڭناغۇچ .............................. (72)
19. ھاشارەت يەيدىغان چىرپاشكا ................ (74)
20. قوڭۇر قاناتلىق چىرپاشكا .................. (77)
21. گۈللۈك چىرپاشكا ........................ (80)
22. قارا غوللۇق يېشىل قارغۇ چىرپاشكا ........... (81)
23. كۆك پىت يەيدىغان قارا قارغۇ چىرپاشكا ........ (83)
24. يوغان كۆزلۈك ياپىلاق چىرپاشكا ............. (84)
25. كۆك پىت يەيدىغان تۈگۈنەك پاشا ............. (85)

26. تىرپىس ........................ (87)
27. كۆك پىت يەيدىغان چىۋىن ............ (89)
1. كۆك پىت يەيدىغان ئۈزۈنچاق چىۋىن ...... (91)
2. كۆك پىت يەيدىغان باشقا چىۋىنلەر ...... (92)
28. ھاشارەت يەيدىغان كۆكۈيۈن ............ (94)
29. تۈتۈپ ئۈزۈقلىنىدىغان سالجا ............ (97)
30. ئۆمۈچۈك ........................ (103)
1. كىچىك، قارا ئوتلاق ئۆمۈچۈكى ............ (105)
2. باشقا ئۆمۈچۈكلەر ........................ (107)

## ئىككىنچى باپ پارازىت ياشايدىغان كۆشەندە ھاشارەتلەر ............ (109)

1. پارازىت ھەرىلەر ........................ (112)
1. قىزىل كۆزلۈك ھەرە ........................ (114)
2. كىچىك سېرىق ھەرە ........................ (122)
3. تەكشى قوساقلىق كىچىك ھەرە ............ (124)
4. پوستلاقخورنىڭ كىچىك سېرىق ھەرىسى ............ (126)
5. شارسىمان قاسراقلىق قۇرۇتنىڭ پارازىت ھەرىسى ...... (128)
6. ئايلانما سىزىقلىق بەرۋانىنىڭ كىچىك پارازىت ھەرىسى ........................ (130)
7. تۆگۈيەك پاشىنىڭ چاقچاق كىچىك ھەرىسى ............ (131)
8. كۆك سىتىنىڭ كىچىك غوزەك ھەرىسى ............ (134)
9. ياۋا تەكەنىنىڭ كىچىك غوزەك ھەرىسى ............ (135)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

10. ياغاچ بوستلاقخورى پەرۋانىسىنىڭ كىچىك غوزەك ھەرىسى.................................. (137)
11. قالقان قوساقلىق غوزەك ھەرىسى.................. (138)
12. شاخەي كۆك ھەرىسى.......................... (139)
13. توفال ھەرىلەر................................. (141)
2. پارازىت چىۋىنلەر............................. (145)
1. قالقانسىمان پارازىت چىۋىن..................... (147)
2. تۈكلۈك قۇرۇت پارازىت چىۋىنى................. (150)
3. پارازىت ياشايدىغان باشقا چىۋىنلەر............. (152)
3. تاغىل تىۋىتلىق قالقانلىق قوڭغۇز............... (157)
**ئۈچىنچى باپ كۆشەندە ھاشارەتلەرنىڭ نۇسخىلىرىنى يىغىش ۋە ساقلاش**........................ (160)
1. تۇخۇم ئىچىدە پارازىت ياشايدىغان ھاشارەتلەرنىڭ نۇسخىلىرىنى يىغىش ۋە ساقلاش................ (160)
2. لىچىنكىدا پارازىت ياشايدىغان ھاشارەتلەرنىڭ نۇسخىلىرىنى يىغىش ۋە ساقلاش................... (163)
3. قوچاق ئىچىدە پارازىت ياشايدىغان ھاشارەتلەرنىڭ نۇسخىلىرىنى يىغىش ۋە ساقلاش................... (164)
4. يېتىلگەن كۆشەندە ھاشارەتلەرنىڭ نۇسخىلىرىنى يىغىش ۋە ساقلاش.............................. (165)
5. كۆك پىت، قاسراقلىق قۇرۇتنىڭ كۆشەندىلىرىنى يىغىش ۋە ساقلاش.............................. (166)

قوشۇمچە: كۆشەندە ھاشارەتلەرنىڭ خەنزۇچە نامى
ۋە ئىلمىي نامى بىلەن ئۇيغۇرچە ئاتىلىشىنىڭ
سېلىشتۇرمىسى..............................(168)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بىرىنچى باپ

## تۇتۇپ ئوزۇقلىنىدىغان كۆشەندە ھاشارەتلەر

تۇتۇپ ئوزۇقلىنىدىغان كۆشەندە ھاشارەتلەر گۆشخور كۆشەندىلەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنداق كۆشەندە ھاشارەتلەر زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ تۇخۇمى، لىچىنكىسى (كىچىك قۇرۇتى)، قوچىغى ۋە يېتىلگەن قۇرۇتى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. تۇتۇپ ئوزۇقلىنىدىغان كۆشەندە ھاشارەتلەر ئۆزىنىڭ ئوزۇقلىنىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن ئىككى خىلغا بۆلىنىدۇ. بىر خىلى ئۆزلىرىنىڭ چاينىغۇچى ئېغىز ئاپاراتى ئارقىلىق ھاشارەتنىڭ بىر قىسمىنى ياكى ھەممىسىنى بىۋاستىلا يۇتۇپ كېتىدۇ. ئىككىنچى بىر خىلى بولسا ئۆزىنىڭ سانچىپ شورايدىغان ئېغىز ئاپاراتىنى زىيانداش ھاشارەتنىڭ تېنىگە سانچىپ كىرگۈزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر خىل زەھەرلىك ماددا چىقىرىپ، زىيانداش ھاشارەتنى تېزلا ھوشسىزلاندۇرۇپ، ھەرىكەت قىلالمايدىغان، قايتۇرما ھۇجۇم قىلالمايدىغان قىلىپ قويۇپ، ئۇنىڭ تېنىدىكى سۇيۇقلۇقنى بىخىرامان شوراپ، ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ.

تۇتۇپ ئوزۇقلىنىدىغان كۆشەندە ھاشارەتلەرنىڭ تۈرى ناھا-

يىتى كۆپ، پۈتۈن ھاشارەتلەر دۇنياسىنىڭ 28% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇزۇغىنىڭ مىقدارىمۇ خېلى كۆپ. يېتىلىش جەريانىدا، بىرقانچە ھەتتا بىرقانچە ئون ھاشارەتنى يېسە، ئاندىن ئۆزىنىڭ يېتىلىشىنى تاماملىيالايدۇ، شۇڭا، تەبىئەت دۇنياسىدا ئۇنىڭ زىيانداش ھاشارەتلەرنى تىزگىنلەش رولى خېلىلا كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. بىراق، يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بېرى، خىمىيىلىك دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ ئاموۋاپىق، قالايمىقان ئىشلىتىلىشى ئارقىسىدا، تۇتۇپ ئوزۇقلىنىدىغان كۆشەندە ھاشارەتلەر كۆپلەپ قىرىلىپ كەتتى، نەتىجىدە دېھقانچىلىقتا، ئورمانچىلىقتا زىيان يەتكۈزىدىغان بەزى ھاشارەتلەر قايتا ئەۋج ئېلىپ كەتتى. مەسىلەن، كۆك پىت، قىزىل ئۆمۈچۈك دۇنيا مىقياسىدا كۆپ پەيدا بولماقتا.

خېنەن ئۆلكىسىنىڭ پاختىچىلىق رايونلىرىدىكى دېھقانلار ۋە پەن-تېخنىكا خادىملىرى يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بېرى خانقىز، ئالتۇن كۆزدىن پايدىلىنىپ كېۋەز پىتىنى بوقتىش، سېرىق ھەرە ئارقىلىق غوزا قۇرۇتى، ئەگمەچ بەللىك قۇرۇت قاتارلىق زىيانداش ھاشارەتلەرنى يوقىتىش ئىشىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، خوشاللىنارلىق نەتىجە ھاسىل قىلدى. تۇتۇپ ئوزۇقلىنىدىغان بەزى كۆشەندە ھاشارەتلەرنى سۈنئىي يول بىلەن كۆپەيتىپ پايدىلىنىش تېخنىكىسىنى تېخى ئىگەللەپ كەتمىگەن بولساقمۇ، ئۇلار تەبىئەت دۇنياسىدا ئۈزلۈكسىز ھەركەتلىنىپ يۈرۈپ، نۇرغۇن زىيانداش ھاشارەتلەرنى

يوقاتتى. مەسىلەن، ياچىۋەك، يىڭناغۇچ، ھاشارەت يەيدىغان كۆكۈيۇن، ھاشارەت يەيدىغان چىرپاشكا قاتارلىقلارنىڭ ئاشقازىنى داق ۋەزىپىنى ئۆتىگەنلىكى ھەممە كىشىگە ئايان، بۇ ھاشارەت لەرنىڭ بەزىلىرى بولسا ئاللىقاچان كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتى ۋارىنى قوزغىدى. دېمەك، بىز دىخانچىلىقتا، ئورمانچىلىقتا زىيان يەتكۈزىدىغان ھاشارەتلەرنى ھەر تەرەپلىمە ئۇسۇللار بىلەن يوقىتىشنىڭ چارە-تەدبىرلىرىنى تۈزىدىغان چاغدا، تۇتۇپ ئوزۇقلىنىدىغان كۆشەندە ھاشارەتلەرنى پىلانلىق ھالدا قوغداپ، ئۇلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدا دائىم، ھارماي-تالماي زىياندىش ھاشارەتلەرنى يوقىتىش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، زىياندىش ھاشارەتلەر بىلەن كۆشەندىلەرنى تەبىئەت دۇنياسىدا نىسبى ھالدا تەكشۈك بولۇپ تۇرىدىغان قىلىشىمىز لازىم.

## 1. خانقىز

خانقىز كىشىلەرگە ئەڭ تونۇش بولغان بىر خىل كۆشەندە ھاشارەت، خەق ئۇنى بۇغداي دوختۇرى، گۈلچى قىز دەپمۇ ئاتىشىدۇ.

يېتىلگەن خانقىزنىڭ تېنى يېرىم شارسىمان بولۇپ، كۆمتۈرۈپ قويۇلغان نوگايغىلا ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇ، ئادەتتە، نوگاي قۇرۇت دەپمۇ ئاتىلىدۇ، دۈمبىسى سىلىق، نىسچكە تۈكلۈك

بولىدۇ. قاتتىق قانىتىدا، دولىسىدا تولاراق قىزىل، سېرىق، قارا داغ ۋە سىزىقچىلار بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭ تۈرىنى تونۇشتىكى مۇھىم ئاساس ھېساپلىنىدۇ. لېكىن يوپۇرماق قوڭغۇزلىرىنىڭ بەزىلىرى، مەسىلەن، ئۇزۇمدە بولىدىغان 10 داغلىق يوپۇرماق قوڭغۇزى خانقىزغا بەك ئوخشايدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ پۈتىنىڭ بېغىشى دۈمبە تەرىپىدىن قارىغاندا 4 بوغۇمدىن تۈزۈلگەندەك كۆرۈنىدۇ، خانقىزنىڭ بولسا 3 بوغۇمدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ مۇھىم پەرقى. لىچىنكىسىنىڭ تېنى ئۇزۇنچاق ياكى ئۇرچۇق شەكلىدە بولۇپ، بەدىنىدە قىزىل، قارا، ئاق، ساغۇچ سىزىق ياكى داغ بولىدۇ. ئۆسۈملۈك بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان لىچىنكىنىڭ بەدىنىدە شاخلاپ چىققان ئۇزۇن تىكەنچە بولىدۇ، كۆك بىت يەيدىغان لىچىنكىسىنىڭ بەدىنىدە پەقەت شاخلىمىغان تىكەنچىلا بولىدۇ، قاسراقلىق قۇرۇت يەيدىغان لىچىنكىنىڭ بەزىلىرىنىڭ بەدىنىدە قاپارتما شەكىلدىكى ئۆسمە بولغاندىن باشقا، يەنە ئاق رەڭلىك سىلىق تىكەنلەر بولىدۇ. ھەر خىل لىچىنكىلارنىڭ ئالدى پۈتى خېلى تەرەققى قىلغان بولۇپ، ھەركىتى تېز بولىدۇ. ئۆسۈملۈك يەيدىغان لىچىنكىلارنىڭ ھەركىتى بولسا ئاستىراق بولىدۇ.

خانقىزنىڭ ئاز ساندىكى تۈرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، كۆپ ساندىكىلىرى گۆش بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، يېتىلگەنلىرىمۇ، لىچىنكىلىرىمۇ ئاساسەن يۇمشاق تەنلىك ھاشارەت (مەسىلەن، كۆك بىت، قاسراقلىق قۇرۇت، توزاك پىت) بىلەن ۋە بەزى ھاشا-

www.uyghurkitap.com

رەتلەرنىڭ تۇخۇمى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئوزۇقلىنىش مىقدارىمۇ ناھايىتى كۆپ بولىدۇ.

خانقىز ھەر يىلى 1~4 قېتىم ئەۋلات قالدۇرىدۇ. ئادەتتە يېتىلىپ تاش ئاستىدا، ئۆڭكۈر ئىچىدە، غازاڭ ئارىسىدا ياكى باشقا يېپىق جايلاردا قىشلايدۇ. ئىككىنچى يىلى باھاردا ھاۋا ئىللىغاندا ھەركەتلىنىشكە، ئوزۇقلىنىشقا باشلايدۇ. 1 دىن 100 گىچە تۇخۇم تۇغىدۇ، تۇخۇمنى بىر بىرىگە تىك يۆلەپ تۇغىدۇ. تۇخۇمى ئۇيۇل پارچە، سېرىق بولىدۇ. ئادەتتە تۇخۇمىدىن 8 كۈن ئۆپچۆرىسىدە لىچىنكا چىقىپ ئوزۇقلىنىشقا باشلايدۇ. قېرىغان لىچىنكا يوپۇرماقنىڭ ئاستىنقى يۈزى، قورۇلۇپ قالغان يوپۇرماقنىڭ ئىچى، دەرەخ قوۋزىقىنىڭ ئارىسى، داڭگالنىڭ ئاستى قاتارلىق يېپىق جايلارنى تاللاپ، قۇيرۇقى تەرەپتىن بىر خىل شىلىمشىق ماددا ئاجرىتىپ چىقىرىپ، شۇنىڭغا يېپىشىپ قوچاققا ئايلىنىدۇ.

بۇ يەردە زىرائەتلەردە، مېۋىسىز ۋە مېۋىلىك دەرەخلەردە كۆپ بولىدىغان، گۆشخور خانقىزنى نۇقتىلىق تونۇشتۇرىمىز.

## 1. يەتتە داغلىق خانقىز

بۇ خېنەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارالغان. ئۇنىڭ يېتىلگەنىمۇ، لىچىنكىسىمۇ ئوخشاشلا بۇغداي پىتى، كېۋەز پىتى، كۆكتات پىتى، تۇخۇمەك پىتى، نەشپۈت پىتى، شاپتۇل پىتى قاتارلىقلارنى تۇتۇپ يەيدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىگى** يېتىلگىنىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 5~7 مىللىمېتىر، كەكلىگى 4~6 مىللىمېتىر بولىدۇ. تېنى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، يېرىم شار شەكلىدىكى گۈمبەزگە ئوخشاش كۆرۈنىدۇ. بېشى قارا بولۇپ، چوققىسىدا ئىككى دانە ساغۇچ داغ بولىدۇ. كۆكرەك قىسمى قارامتۇل، قاتتىق قانىتى ساغۇچ قىزىل بولۇپ، 7 دانە قارا دېغى بولىدۇ. شۇڭا 7 داغلىق خانقىز دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ داغلارنىڭ بىرى ئىككى قانىتىنىڭ تۇتاشقان يېرىدىن ئۆسۈپ چىققان بولىدۇ. تۇخۇمى ئۇزۇن سوقىچاق، رەڭگى سېرىق بولىدۇ. ئادەتتە 30~40 تۇخۇمىنى تىك قىلىپ بىر يەرگە توپلاپ تۇغىدۇ. لىچىنكىسى بوز قوكۇر بولۇپ، بىرىنچى بوغۇمىدا 4 قىزىل دېغى، 4 ـ ۋە 7 ـ بوغۇملىرىدا ئىك-كىدىن قىزىل دېغى بولىدۇ، ھەرقايسى بوغۇمىدا غۇزمەك ئۆسكەن قارامتۇل تىكەنچى تۈكى بولىدۇ. قوچىقى سېرىق بولۇپ، كې-يىن نەدرىجى قارىيىدۇ (1 ـ رەسىم).



1 ـ رەسىم يەتتە داغلىق خانقىز
1. بىسىلگىسى 2. تۇخۇمى
3. لىچىنكىسى 4. قوچىقى

**ياشاش ئادىتى** خېنەندە ھەر يىلى 6~7 ئەۋلاد قالدۇرىدۇ، يېتىلىپ بوغداي، قىچا ئارىسىدا باكى داكىگال ئارىسىدا، غازاك ئارىسىدا قىشلاپ، ئىككىنچى يىلى 2 ـ ئايىنىڭ ئوتتۇرى-

لىرىدىن باشلاپ ھەركەتلىنىشكە باشلايدۇ، 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ ، 2 ـ ئون كۈنلىرى بۇ ھاشارەت تازا ئەۋج ئالىدىغان مەزگىل بولىدۇ. 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى بۇ ھاشارەت تۇخۇملايدىغان مەزگىل بولىدۇ. بۇ ھاشارەت تۇخۇمنى، كۆپىنچە، داڭگال ئاستىغا، قورابىغا ۋە كۆك پىت بار زىرائەتنىڭ ئۈستىگە تۇغىدۇ، 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئۇنىڭ لىچىنكىلىرى ھەركەتلىنىدىغان مەزگىل بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرىنچى ئەۋلادىدىن يېتىلگەنلىرى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا كۆپلەپ قوچاقتىن چىقىدۇ. ئاخىرقى بىر ئەۋلادى يېتىلگەندىن كېيىن، 10 ـ ئايلاردا بۇغداي، قىچا، بەسەي، چامغۇر ئارىسىدا ۋە ئورمانلىقتا، مۇئەييەن باغلاردا قىشلايدۇ.

يېتىلگەنلىرى ئۇچۇش، ئۆملەش جەھەتتە خېلى كۈچلۈك ئىقتىدارغا ئىگە. ئۇ ئۆلگەن بولۇپ يېتىلىدۇ، تاشقى مۇھىتتا بىر نەرسىدىن ئۈركىسە، سىرىپ سۇ يۇركۈپ مۇداپىئەلىنىدۇ، يېتىلگەنلىرىنىڭ ھەر بىرى ھەر كۈنى 50~150 كۆك پىتنى يەيدۇ، لىچىنكىسى يېتىلىش جەريانىدا 600~800 كۆك پىت يەيدۇ. قىشلىغان چىشىسى مىڭ دانە، كۆپ بولغاندا، 2 مىڭدىن 3 مىڭغىچە تۇخۇم تۇغىدۇ. تۇخۇملاش ۋاقتى 15~20 كۈن بولىدۇ، قىشلاپ يېتىلگەنلىرىنىڭ تۇخۇملاش ۋاقتى 3 ئايغا يېتىدۇ. تۇخۇملاش مەزگىلى ئۇزۇن بولغاچقا، ئېتىزلاردا قالدۇرىدىغان ئەۋلادلىرى كۆپىيىشۋېرىدۇ ـ دە، ئاسان پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ. تۇخۇمنى كۆپىنچە يوپۇرماقنىڭ ئارقا يۈزىگە كۆك پىت كۆپ جايغا تۇغىدۇ. 23~25°C لۇق شارائىتتا، 3 كۈندىلا

تۇخۇمىدىن لىچىنكا چىقىدۇ. 5 ـ ئايدىكى ھاۋا شارائىتىدا، لىچىنكا مەزگىلى 9 كۈن، قونچاق مەزگىلى 7 كۈن بولىدۇ. بىتلىگىنىنىڭ ئۆمرى ئادەتتە 40 كۈن ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ، قىشلىغان ئەۋلادىدىن بىتلىگەنلىرى 8 ئاي ياشايدۇ. لىچىنكىسى كۈچلۈك ئۆملەش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئۆمرىدە 3 قېتىم تۈلەپ، جەمئى 4 يىل ياشايدۇ، 80~638 دانە كۆك پىت يەيدۇ، بىر بىرىنى قىرىدۇ. لىچىنكىسى قىرىلغاندىن كېيىن، يوپۇرماقنىڭ ئارقا يۈزىدە ياكى قورۇلۇپ قالغان يوپۇرماقنىڭ ئىچىدە، قورۇق شاخ ـ ئازاك ۋە داكگال ئارىسىدا. دەرەخ قوۋزىقىنىڭ يوچۇق-لىرى قاتارلىق دالدا ئورۇنلاردا قونچاقا ئايلىنىدۇ. 4 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا، خانقىزنىڭ ھەر بىر ئەۋلادىنى بېتىشتۈرۈپ بولۇشى ئۈچۈن 20~30 كۈن ۋاقىت كېتىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ئەنيياڭ قاتارلىق پاختىلىق رايونلىرى خانقىز ئارقىلىق كېۋەز پىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى. لېكىن ھازىر پەقەت تەبىئى پايدىلىنىش ۋە تەبىئى ئوزۇق بىلەن بېقىشلا ئاساس قىلىنماقتا. سۈنئى ئوزۇق بىلەن بېقىپ تازا كۆپەيتىش ئىشى تېخى يولغا قويۇلغىنى يوق، ھەرقايسى جايلار بۇ ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈش ئۈچۈن نەتىقلىق ئىلىپ بارماقتا. ھازىر ھەرقايسى جايلارنىڭ خانقىزدىن پايدىلىنىپ كېۋەز پىتىنى تىزگىنلەشتىكى ئۇسۇلى ئاساسەن تۆۋەندىكى 4 تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1) يېتىلگەنلىرىنى ئاسراپ قىشتىن ئۆتكۈزۈش: كەڭ كۆلەملىك يەرلەرگە، مېۋىلىك باغلارغا، ئورمان ئارىسىغا پىلانلىق ھالدا قىچا، بۇغداي، بىدە قاتارلىق خانىقىز قىشلايدىغان زىرائەتلەرنى تېرىپ، خانىقىزنىڭ كۆپىيىپ قىشلىشىغا ماكان ھازىرلاپ بېرىش لازىم. بۇنىڭدىن باشقا، 10-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا — قىرو چۈشۈشنىڭ ئالدى-كەينىدە، لوبو، بەسەي ياكى خانىقىز قىشلايدىغان باشقا زىرائەتلەر ئارىسىدىن خانىقىزنى كۆپلەپ تۇتۇپ كېلىپ، ئۇنى ھاشارەت باقىدىغان قۇتىغا، كوزىغا (ئاستىغا نەم قۇم يېيىتىپ) ياكى قەغەز ساندۇقچا سېلىپ، كۆك پىت چۈشكەن بەسەي، لوبو قاتارلىقلار بىلەن بېقىش، ئوزۇقىنى ھەر 2~3 كۈندە بىر قېتىم ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش لازىم. 11-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىدا كۈنگەي تەرەپكە 3 چى چوڭقۇرلۇقتا كىچىك گەمە كولاپ، گەمىنىڭ ئۈستىنى توپا بىلەن يېپىپ، خانىقىزنى قۇتا ياكى كوزا بىلەنلا گەمىدە ئامان-ئېسەن قىشلىتىش لازىم.

2) باش ئەتىيازدا كۆپەيتىش: 2-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا — ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ 10°C تىن ئاشقاندا، يېتىلگەن ھاشارەت ھەرىكەتلىنىشكە باشلايدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن، ھېلىقى ساقلاپ قويۇلغان ياكى قىشلىغان زىرائەتتىن تۇتۇپ كېلىنگەن خانىقىزنى ھەسەل قوشۇلغان قۇشقاچ گۆشى، ھەسەل قوشۇلغان جىگەر، كۆممە قوناق كېپىنىكىنىڭ لىچىنكىسى قاتارلىق باشقا ئوزۇقلار بىلەن بېقىش ياكى قىشلىغان زىرائەتتىن كۆك پىت

تۇتۇپ كېلىپ بېقىش لازىم، 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئۆيدە بېقىلىۋاتقان خانقىزنى پىلانلىق ھالدا كۆك پىت چۈشكەن زىرائەتكە قويۇپ بېرىپ، تەبىئىي شارائىت ئاستىدا كۆپەيتىش لازىم، 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىغا ۋە ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، بۇ زىرائەتلەردىكى خانقىزنى تۇتۇپ كېلىپ، كۆك پىت يوقىتىشقا قويۇپ بېرىش لازىم.

3) سۈنئىي يول بىلەن كۆچۈرۈش: 4 ـ ، 5 ـ ئايلاردا — كۆك پىت پەيدا بولىدىغان پەسىلدە خانقىزنى قىشلايدىغان زىرائەتلەردىن كۆپلەپ تۇتۇپ كېلىپ ۋە ھاجىغا سېلىپ، يوپۇرماق ياكى كۆك ئوت بىلەن بېقىش، ئاندىن كېيىن، ئارقا قانىتىنى قىرقىۋېتىپ قويۇپ بېرىش لازىم. تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، ھەر بىر مو كېۋەز ئېتىزىغا 1 مىڭدىن 2 مىڭغىچە خانقىز قويۇپ بېرىلسە، 2 كۈندىن كېيىن كۆك پىت 97.8% ئازىيىدىكەن. بىر خانقىز 200~300 كۆك پىتنى تىزگىنلىيەلەيدىكەن.

4) سۈنئىي يول بىلەن ئاۋۇتۇش: ھازىر سۈنئىي يول بىلەن كۆپلەپ ئاۋۇتۇش ئۇسۇلى تېخى تېپىلغىنى يوق، ھەرقايسى جايلار ئۇنىڭغا سۈنئىي ئوزۇق تېپىشتا نۇرغۇن سىناقلارنى ئېلىپ باردى، مەسىلەن، قۇشقاچ گۆشى، جىگەر، چېچەك توزىكى، ھەسەل شىرنىسى، ھاشارەت تۇخۇمى، لىچىنكا، قوچاق قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، بەلگىلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بېيجىڭ ھايۋانات تەتقىقاتى ئورنى يېڭى جىگەرنى ئۇششاق چاپاپ، ھەسەل، دونۇپ زىغىرلىقى توپىچە

www.uyghurkitap.com

5:1 نىسبەتتە)، توقۇلما ئېزىش ماشىنىسى بىلەن (مىنۇتىغا 8 مىڭ قېتىم ئايلاندۇرۇپ) 1~2 مىنۇت ئېزىپ، ئۇنى كىچىك قەغەز قۇتىغا قويۇپ، 20°C لۇق تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا ساقلىغان، ئىشلىتىدىغان چاغدا بۆلۈپ-بۆلۈپ ئېلىپ، ئىللىتىپ ئېرىتىپ، كىچىك ئەينەك قاچىغا سېلىپ، قەغەزگە ياكى سۇلياۋغا قوشۇق بىلەن ئاز-ئازدىن ئېلىپ، قۇتىدىكى خانقىزنى ئوزۇقلاندۇرغان. 30 جۈپ خانقىزنىڭ بېقىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ چىشىسى 20 كۈندە ئەڭ كۆپ بولغاندا 396، ئەڭ ئاز بولغاندا 2 تۇخۇم سالىدىكەن. غەيرى تۇسلۇك خانقىز ئاشۇنداق سۈنئىي ئوزۇق بىلەن بېقىلسا، 8 كۈندىلا تۇخۇملايدىكەن. چىشىسىدىن 6 سى، ئەركىكىدىن 3 ى قاچىنىڭ ئىچىدە بېقىلسا، 20 كۈندە جەمئى 215 تۇخۇم تۇغىدىكەن. بۇنداق سۈنئىي ئوزۇق ئانا ھەرە شىرنىسىدىن تەييارلىنىدىكەن، قويۇقلۇق دەرىجىسى قەغەزگە چاپلاشمىغۇدەك بولسا بولىدىكەن، بۇنىڭ بىلەن تۇخۇمىدىن يېڭى چىققان لىچىنكا بېقىلسا، ئۇ يېتىلىپ قوچاققا ئايلىنىدىكەن، قوچاقتىن چىققانلىرى جۈپلىشىپ تۇخۇم سالالايدىكەن.

## 2. قارا جىيەكلىك قىزىل خانقىز

بۇ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان، ئۇنىڭ يېتىلگەنلىرىمۇ، لىچىنكىلىرىمۇ قاتتىق قاسراقلىق شارسىمان شاپتۇل قۇرۇتىنى، ھاتتىق قاسراقلىق شارسىمان ئۆرۈك قۇرۇ-

تىنى، قاتتىق قاسراقلىق ياپىلاق قۇرۇتنى، يۇمشاق قاسراقلىق ئۇزۇن ھالۋۇبدىت قۇرۇتنى، ئاق قاسراقلىق ئۈجمە قۇرۇتىنى، قاسراقلىق چىغ ئاياقنى شۇنىڭدەك يېتىلگەن كۆك پىتنى، ئۇنىڭ بالىلىرىنى ۋە قۇرۇت تۇخۇملىرىنى يەيدۇ، بولۇپمۇ مېۋىلىك دەرەخ ۋە ئورمانلاردا بولىدىغان شارسىمان قاتتىق قاسراقلىق قۇرۇتلارنى ئىشتىھاسى بىلەن يەيدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى** يېتىلگەنلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 4~6 مىللىمېتىر، كەڭلىگى 4~5 مىللىمېتىر بولىدۇ. تېنى يۇمۇ-لاقراق بولۇپ، يېرىم شار شەكلىدىكى گۈمبەزگە ئوخشاش كۆرۈ-نىدۇ. بېشى قىزغۇچ قوڭۇر،، داغسىز بولىدۇ. دولىسى قىزغۇچ قوڭۇر، قاتتىق قانىتىنىڭ ئاساسىي رەڭگى چىلان قىزىل، تاشقى قىرغىقى، ئارقا قىرغىقى قارا بولىدۇ، قاتتىق قانىتىنىڭ گىرۋىكى قوڭۇر بولىدۇ. قوساق قىسمى قىزغۇچ قوڭۇر بولىدۇ (2-رەسىم). تۇخۇمى ئۇزۇنچاق يۇمىلاق، ساغۇچ بولىدۇ. قېرىغان لىچىنكىسى سۇس بوز بولۇپ، ئىككى ئۇچى ئىنچىكە، ئوتتۇرىسى توم بولىدۇ، ئۇزۇنلۇغى 8~10 مىللىمېتىر بولىدۇ، ئۈچ جۈپ پۇتى بولىدۇ، كۆكرەك قىسمىدىن قوساق قىسمىغا سوزۇلغان غولىيارما سىزىقنىڭ ئىككى يان تەرىپىدە ئۈچ رەت كۆلرەڭ تىكەنسىمان تۈك بولىدۇ.



2-رەسىم قارا جىيەكلىك قىزىل خانقىز

**ياشاش ئادىتى** 1963-يىلى جىڭجۇدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشكە ئاساسلان-

غاندا، ھەر يىلى بىر قېتىم ئەۋلات فالدۇرىدىكەن، يېتىلىپ قىشلاپ، كېيىنكى يىلى 3-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇچەكتىن چىقىپ ئوزۇقلىنىشقا باشلايدىكەن، چىشىسى 3~4 كۈندىن كېيىنلا تۇخۇملايدىكەن، كۆپىنچە، يەپ قۇرۇقداپ قويۇلغان قاسراق ئىچىگە، دەرەخ قوۋزىقىنىڭ يېرىقىغا تۇغىدىكەن. ھەر قېتىمدا بىرقانچىدىن ئون نەچچىگىچە تۇغىدىكەن، تۇخۇمىنى رەتلىك تىزمايدىكەن، پۈتۈن ئۆمرىدە 100 دىن ئارتۇق تۇخۇم تۇغىدىكەن. ئۇنىڭ لىچىنكىلىرى 3-ئاينىڭ ئاخىرىدا تۇخۇمدىن چىقىپ، يېقىن جايلاردىكى فاسراقنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىدۇ. ناھايىتى ئاز ھەركەتلىنىدۇ. 2 ياشقا كىرگەندىن كېيىن بارغانسېرى كۆپ ھەركەت قىلىپ، يۇمشاق تەنلىك قاسراقلىق ئۇششاق قۇرۇتلارنى شۇ پېتىلا يۇتۇپ كېتىدۇ. قاسراقلىق قۇرۇتنىڭ تېنى فاتتىقلاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تېنىدىن بىر تۆشۈك ئېچىپ، تۇخۇمىنى يەيدۇ. بۇ چاغدا، تازا كۆپ يەيدىغان بولىدۇ-دە، قاسراقلىق قۇرۇتنى خېلىلا تىزگىنلىيەلەيدۇ. 4-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، لىچىنكىسى قېرىيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ مۆۋىلىك دەرەخنىڭ، مۆۋىسىز دەرەخنىڭ شاخلىرى ئاستىغا توپلىشىپ ماكانلىشىدۇ. بىرقانچىسى ھەتتا بىرقانچە يۈزى بىرلىكتە قوچاقتا ئايلىنىدۇ. 20 نەچچە كۈندىن كېيىن — 5-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىدا، يېتىلگەنلىرى قوچاقتىن چىقىپ، قوچاق قېپىنىڭ قېشىدا بىتىپ، تەخمىنەن 2 كۈندىن كېيىن ئۆملەشكە، ئۇچۇشقا ۋە ئوزۇق-

لىنىشقا باشلايدۇ، ئەمما جۇيلەشمەيدۇ، يەنە 5~6 كۈن ئۆتكەن-
دىن كېيىن، مۇئەللىك دەرەخنىڭ ۋە مۇئەللىسىز دەرەخنىڭ
تۆۋەن شاخلىرىدىكى يوپۇرماقنىڭ ئارقا يۈزىدە باكسى دەرەخ
شىخىنىڭ پەس يەرلىرىدە نەچچە ئونى يىغىلىپ جىم تۇرىدۇ ۋە
كۈرۈك بولىدۇ. كۈرۈك بولغانلىرى 6-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن
باشلاپ، 100 نەچچە كۈن كۈرۈكلۈك مەزگىلىنى باشتىن كەچۈ-
رۈپ، 9-ئاينىڭ بېشىدا يېشىلىدۇ. كۈرۈك بولۇش جەريانىدا
ئۆلگەنلىرىنىڭ نىسبىتى 60% تىن ئاشىدۇ. كۈرۈكى يېشىلگەندىن
كېيىن، بىر مەزگىل مۇئەللىك دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدە يۈرۈپ
ئوزۇقلىنىدۇ ۋە جۈپلىشىدۇ، لېكىن تۇخۇملىمايدۇ. 11-ئاينىڭ
ئاخىرلىرىدا مۇئەللىك دەرەخ ئەتراپىدىكى داڭگاللىقلارغا، غازاڭ
ئارىسىغا، تاشلارنىڭ ئاستىغا ۋە باشقا دالدا يەرلەرگە كۆچۈپ
قىشلاشقا كىرىشىدۇ. قىشلاش جەريانىدىكى ئۆلۈش نىسبىتى80%
ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ. بۇ ھاشارەت نۇرغا ئىنتىلىدۇ ۋە بىر-بىرىنى
ئۆلتۈرىدۇ، ئاچلىققا بەك چىدايدۇ، بولۇپمۇ قىش چىقىپ
بولغىچە 3~4 ئاي ئىچىدە ھېچ نەرسە يېمەيدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** قارا جىيەكلىك قىزىل خانقىزنىڭ
تەبىئەت دۇنياسىدا زىيانداش ھاشارەتنى تونۇپ يېيىش رولى
ناھايىتى چوڭ، لېكىن شارسىمان قاتتىق قاسىراقلىق قۇرۇت
تىزگىنلەنگەندىن كېيىن، ئوزۇقلۇقنىڭ يېتىشمەسلىكى سەۋەبىد-
دىن، قارا جىيەكلىك قىزىل خانقىز كۆپلەپ ئۆلۈپ كېتىدۇ.
شۇڭلاشقا بىلەن بىر ۋاقىتتا، قارا جىيەكلىك قىزىل خانقىزنىڭ

www.uyghurkitap.com

يازدىن ئۆتۈپ قىشلاش جەريانىدىكى ئۆلۈش نىسبىتى يۇقۇرى، قالدۇرىدىغان ئەۋلادى ئاز بولىدۇ، نەتىجىدە سۈنئىي يول بىلەن كۆپلەپ ئاۋۇتۇشقا قىيىنچىلىق تۇغۇلىدۇ. شۇڭا تېكەنلىك ئاكاتسىيە ۋە كىلىيون دەرىخىدىكى قاتتىق قاسراقلىق ياپىلاق شارسىمان قۇرۇت ۋە بۇمشاق قاسراقلىق ئۇزۇن ھالۋۇۋىدىت قۇرۇتى قاتارلىق ھاشارەتلەردىن پايدىلىنىپ، قارا جىيەكلىك قىزىل خانقىزنى سۈنئىي يول بىلەن كۆپەيتىۋىلىپ، ئاندىن ئۇنى مېۋىلىك باققا ياكى ئورمانلىققا قويۇپ بېرىپ، قاسراقلىق قۇرۇتنى يوقىتىش كېرەك. مېۋىلىك باغ ۋە ئورمانلىقتىكى قاسراقلىق قۇرۇت تىزگىنلەنگەندىن كېيىن، ئاندىن خانقىزنى يېمەكلىكى بار تېكەنلىك ئاكاتسىيە، كىلىيون دەرەخلىرىگە ۋە باشقا مېۋىلىك دەرەخلەرگە، ئورمانلىققا يۆتكەپ قويۇش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا، قارا جىيەكلىك قىزىل خانقىزنىڭ ئوزۇقلۇق يېتىشمەي ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. قارا جىيەكلىك قىزىل خانقىز ياز پەسلىدە كۆرۈك بولغاندا، سۈنئىي ئوزۇقلاندۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ تەبىئىي ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتىنى ئازايتىش لازىم.

بۇنىڭدىن باشقا، خىمىيۋى دىخانچىلىق دورىلىرى ئارقىلىق باشقا زىيانداش ھاشارەتلەرنى يوقىتىش ۋاقىتىدا، ھەممىنى ئۆلتۈرىدىغان "666" "DDT" "1605" قاتارلىق دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك لازىم. قارا جىيەكلىك قىزىل خانقىز تازا كۆپىيىدىغان مەزگىلدە دورا چاچماسلىق ياكى قۇر ئاتلاپ چېچىش قاتارلىق

مۇداپىئە چارىلىرىنى قوللىنىپ، ئۇنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىنى ئازايتىش لازىم.

## 3. سالجا يەيدىغان قارا داغلىق خانقىز

بۇ مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقالغان بولۇپ، قارا ئىڭەك خانقىز دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئوزۇقلىنىشى مەخسۇسلاشقان، كۆپلەپ پەيدا بولغان چاغدا، زىيانداش ھاشارەتنى تىزگىنلەشتە كۆرۈنەرلىك رول ئوينايدۇ. قىزىل دولانا ئۆمۈچۈكى، قىزىل كېۋەز ئۆمۈچۈكى ۋە كۆك پىت يەيدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى** يېتىلگىنىنىڭ تېنى قارامتۇل بولىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 2 مىللىمېتىرچە، كەڭلىكى 1 مىللىمېتىر بولىدۇ، شەكلى سوقىچاق بولۇپ، يېرىم شارسىمان گۈمبەزگە ئوخشاش كۆرۈنىدۇ، ئاقۇش ئۇزۇن بوز تۈكى بولىدۇ. ئەركەكنىڭ بېشى ساغۇچ قوڭۇر، چىشىسىنىڭ بېشى قارا بولىدۇ. دولىسى ۋە قاتتىق قانىتى پۈتۈنلەي قارا بولىدۇ. قوساق قىسمىمۇ، قانىتىنىڭ گىرۋىكىمۇ قارا بولىدۇ (3 ـ رەسىم).



3 ـ رەسىم سالجا يەيدىغان قارا داغلىق خانقىز

**ياشاش ئادىتى** ھەر يىلى 4~5 ئەۋلات قالدۇرىدۇ، يېتىلگەنلىرى دەرەخ قوۋزىقىنىڭ ئاستىدا، ئوت ـ چۆپ ئارىسىدا، قىغ ئارىسىدا ۋە يەرنىڭ يېرىقلىرىدا قىشلايدۇ. كېيىنكى يىلى 5 ـ ئايدا ھەركەتلىنىشكە باشلاپ،

www.uyghurkitap.com

قىزىل ئۆمۈچۈك ۋە كۆك پىت تۇتۇپ يەيدۇ، يىگەندە، بۇ ھاشارەتلەرنىڭ تېنىدىكى سۇيۇقلۇقنى پۈتۈنلەي شوراپ، پوستىنىلا قالدۇرىدۇ. 5-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىدىن 6-ئاينىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرىغىچە تۇخۇملايدۇ. تۇخۇمىنى يوپۇرماقنىڭ ئارقا يۈزىدىكى قىزىل ئۆمۈچۈك تۇخۇمىنىڭ چۆرىسىگە ياكى تورىغا تۇغىدۇ. چىشىسىنىڭ ھەر بىرى 500~800 تۇخۇم تۇغىدۇ. لىچىنكىسى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن، ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئوزۇقلىنىدۇ، ھەر كۈنى 130چە قىزىل ئۆمۈچۈك تۇتۇپ يەيدۇ، بىر بىرىنى ئۆلتۈرىدۇ. 4 ياشلىق لىچىنكىسى، كۆپىنچە، دەرەخنىڭ كۈن چۈشمەيدىغان يەردىكى يوپۇرماقلىرىنىڭ ئارقا يۈزىگە يېغىلىپ، قۇيرۇغىنى يوپۇرماققا يېپىشتۇرۇپ قوچاققا ئايلىنىدۇ، 4~5 كۈندىن كېيىن قوچاقتىن چىقىدۇ. يېتىلگەنلىرى 29~62 كۈن ئۆمۈر كۆرىدۇ. ھەر كۈنى 20~50 قىزىل ئۆمۈچۈك تۇتۇپ يەيدۇ، دېمەك، پۈتۈن ئۆمرىدە 600~1800 قىزىل ئۆمۈچۈك يەيدۇ. ئوزۇقلۇق يېتەرلىك بولغان ئەھۋالدا بىر بىرىنى ئۆلتۈرمەيدۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ تۇخۇمىنى يەيدۇ. ئەڭ ئاخىرقى ئەۋلادىدىن يېتىلگەنلىرى 9-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئۈچەككە كىرىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** سۈنئىي ئوزۇق مەسىلىسى تېخى ھەل بولمىدى. باشقا جايلارنىڭ خەۋەرلىرىدىن قارىغاندا، ساپ ھەسەل بىلەن باقسا ناھايىتى ياخشى بولىدىكەن. ئوزۇقلاندۇ-

رىدىغان ھالدا، دېزىنفېكسىيە قىلىنغان باختىنى ئوزۇقلۇقتا ھەللاپ، ئۇنى ئۆستۈرۈش قاچىسىغا سېلىنغان ئالما يوپۇرمىغى ئاكسى ئاق قەغەزگە قويۇپ، ھەر 2 كۈندە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ تۇرسا، ئەي تولۇش نىسبىتى 100% كە يېتىدىكەن، ئەمما نورمال ئۇچۇم ئۇغالمايدىكەن. 6 ئايدىن 11 ئايغىچە، ئەڭ قىسقا بولغاندا، 2 ئايدا بىر ئەۋلادنى يېتىشتۈرۈپ بولىدىكەن، جەمئىي كۈنگە ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 6.9~11.8 تۇخۇم تۇغىدىكەن.

## 4. تاغىل خانقىز

بۇ مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان، قىزىل ئۆمۈچۈك، كۆك بىت ۋە باشقا ھاشارەتلەرنىڭ تۇخۇمىنى يەيدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى** يېتىلگەننىڭ ئۇزۇنلۇقى 3~5 مىللىمېتىر، كەڭلىكى 3~4 مىللىمېتىر بولىدۇ. شەكلى سوقىچاق. رەڭگى سېرىق كېلىدۇ، دۈمبىسى گۈمبەزگە ئوخشاش كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. قاتتىق قانىتىدىكى داغ سېرىقچىلىرى ئىككى خىل تىپتا بولىدۇ: ئەسلى تىپتىكى يېتىلگەننىڭ دۈمبىسىدە قارامتۇل ياغىل - رەڭدە بولىدۇ. ئۆزگەرگەن بىرىنچى تىپتىكىلەرنىڭ بەلىكىدە بىر دانە يۇمىلاق قارا داغ بولىدۇ؛ ئۆزگەرگەن ئىككىنچى تىپتىكىلەرنىڭ ئولىنىڭ بۇرجىكىدە بىر يۇمىلاق قارا داغ بولۇشتىن تاشقىرى، قاتتىق قانىتىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن تەرىپىدىمۇ بىر قارا داغ بولىدۇ. مەيلى ئۆزگەرگەن

تېتىكلىرىنىڭ قايسى خىلدىكىسى بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ھەممىسىنىڭ قاتتىق قانىتىنىڭ بىرلىشىدىغان يېرىدە ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان بىر تال قارا سىزىق بولىدۇ (4-رەسىمگە قاراڭ).

**ياشاش ئادىتى** يىلىغا 3~4 ئەۋلات قالدۇرىدۇ، يېتىلگەنلىرى يالغۇز ياكى توپلىشىپ، شاپتۇل، ئۆرۈك دەرىخىنىڭ كۆك پىت چۈشكەن يوپۇرماقلىرىنىڭ تۈگۈنەكلىرى ئىچىدە ياكى دەرەخ قوۋزىقىنىڭ يېرىقلىرىدا قىشلايدۇ. 2-يىلى ھاۋا ئىللىغاندا ھەركەتلىنىشكە باشلاپ، ئوزۇقلىنىپ، جۈپلىشىپ، يوپۇرماقنىڭ يۈزىگە بىرنەچچە ياكى بىرنەچچە 10 تۇخۇم تۇغىدۇ.



4. رەسىم ناغىل خانقىز

1. يىتىلگىسى 2. تۇخۇمى 3. لىچىنكىسى 4. قورچىقى 5. يىتىلگەنلىك ئۆزگەرگەن 1-تىپى 6. يىتىلگەنلىك ئۆزگەرگەن 2-تىپى

بىر ھەپتە ئۆتكەندە تۇخۇمىدىن لىچىنكا چىقىدۇ. لىچىنكىسى قىرىلغاندىن كېيىن، شىلىملىق ماددا چىقىرىپ، قۇيرۇقىنى ئۇنىڭغا يېپىشتۇرۇپ قورچاققا ئايلىنىدۇ. يېتىلگەنلىرىمۇ، لىچىنكىلىرىمۇ چاققان بولۇپ، كۈچلۈك ھەركەتلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە، يېتىلگەنلىرى 11-، 12-ئايلاردا قىشلاش ئۈچۈن ئۆچەككە كىرىپ كېتىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش**

7 داغلىق خانقىز سېلىدىن ئوخشاش.

## 5. غەيرى تۇسلۇك خانقىز

بۇ مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان، كۆك پىت، قاسـراقلىق قۇرۇت ۋە ياغاچ پىتى قاتارلىقلارنى تۇتۇپ يەيدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى** بېتىلگەنلىرىنىڭ ئۇزۇنـلۇقى 5~8 مىللىمېتىر، سەكلى تۇخۇمسىمان بولۇپ، گۈمبەزگە ئوخشاش كۆرۈنىدۇ. تېنىنىڭ رەڭگىدە، داغلىرىدا ئۆزگىرىش كۆپرەك بولىدۇ. دولىسى سېرىق بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا "M" شەكىللىك قارا سىزىق بولىدۇ، ئەمما ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. قانىتىنىڭ ئارقا تەرىپىدە توغرىسىغا كەتكەن بىر تال ئۇمۇرتقا سىزىقى بولىدۇ، دېغىنىڭ رەڭگىمۇ كۆپ ئۆزگىرىدۇ، بەزىلىرىنىڭ ... سېرىق بولۇپ، قاتتىق قانىتىدا 19 دانە دېغى بولىدۇ، بۇ داغلار بىر جۈپ ياكى بىر قانچە جۈپ بولىدۇ، ياكى بولمىسا بۇنىڭدىن ئۆزگىرىپ بوقاپ كېتىدۇ. بەزىلىرىنىڭ قاتتىق قانىتى قارا بولۇپ، ئۇنىڭدا 2 دانە قىزىل داغ بولىدۇ (5-رەسىم).




**5-رەسىم غەيرى تۇسلۇك خانقىز**

1. غەيرى تۇسلۇك خانقىزنىڭ 19 داغلىق ئۆزگەرگەن تۈرى
2. غەيرى تۇسلۇك خانقىزنىڭ 2 داغلىق ئۆزگەرگەن تۈرى

**ياشاش ئادىتى** ھەر يىلى 3~4 ئەۋلاد قالدۇرىدۇ، بېتىلگەنلىرى ئامىلىك بېرىدىغان تاشنىڭ

تۆشۈكلىرىدە، ئۆڭكۈردە توپلىشىپ قىشلايدۇ. كېيىنكى يىلى 3-، 4-ئايلاردا ئۈچەكتىن چىقىپ، نەشپۈت پىتى، تۈكلۈك ئاق تېرەكتە بولىدىغان چىپار پىت. ئالما پىتى قاتارلىق ھاشارەتلەرنى تۇتۇپ يەيدۇ. 4-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 5-ئاينىڭ باشلىرىغىچە جۈپلىشىپ تۇخۇملايدۇ، 5-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىدا تۇخۇمىدىن لىچىنكىسى چىقىدۇ، 5-، 6-ئايلاردا يېتىلىپ قوجافتىن چىققاندىن كېيىن كېۋەزلىككە يۆتكىلىپ، كۆپىيىپ، كېۋەز پىتىنى تۇتۇپ يەيدۇ، ئوزۇقلىنىش مىقدارى 7 داغلىق خانقىزغا قارىغاندا چوڭ بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى بىر ئەۋلادىدىن يېتىلگەنلىرى 11-ئايلاردا قىشلاي-دىغان ماكان ئىزلەيدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** يېتىلگەنلىرى دالىدا، دەرەخنىڭ يىلتىزىدا، يېرىقلىرىدا، ئۆڭكۈردە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جايلاردا توپلىشىپ قىشلاشنى ياخشى كۆرىدۇ، ۋە قىشتا سوغاق قاتتىق بولىدىغان بولغاچقا، كۆپلەپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. جىلىن ئۆلكىسىنىڭ خۇابىدىي ناھىيىسىدىكى كەڭ ئامما ھەر يىلى 10-، 11-ئايلاردا قاتتىق سوغاق يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، تاغدىن خان-قىزنى تۇتۇپ كېلىپ ئۆيدە ئاسراپ ھەم مۇۋاپىق ئوزۇقلاندۇ-رۇپ، ئىككىنچى يىلى ھاۋا ئىسسىغاندا، كۆك پىت تارقالغان ئېتىزلارغا ياكى ئورمانلىققا، مېۋىلىك دەرەخلەرگە قويۇپ بېرىدۇ. سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ يەنبۈەن ناھىيىسى ئېتىزلارغا خانقىزنى جەلپ قىلىش ئەسۋاۋى ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇرغۇن

خانقىزنى جەلپ قىلىپ قىشتىن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ جەلپ قىلىش ئەسۋاۋى ھاۋا رايى پونكىتىنىڭ بوتكىسى بولۇپ، ئۇلار بۇ ساندۇقنى نوغرىدىن-توغرىلا ئەسلىدىكى ئىگىزلىكتە قويغان ھەمدە ئۇنىڭدىن 1~2 سانتىمېتىرلىق يوچۇق ئاچقان. بوتكىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە دىيامېتىرى 1~2 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 35 سانتىمېتىر كېلىدىغان 4~5 دانە قەغەز تۇرۇبىكا ئورناتقان، بۇنىڭ بىلەن ھەر يىلى كۈزدە ۋە قىشتا نۇرغۇن خانقىزنى جەلپ قىلىپ قىشلاتقان. تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، 1972-يىلى قىشتا 5 مىڭدىن كۆپرەك خانقىز جەلپ قىلىنىپ قىشلىتىلگان؛ 1973-يىلى جەلپ قىلىنىپ قىشلىتىلغان خانقىز 7~8 مىڭغا يەتكەن؛ 1974-يىلىمۇ 6 مىڭدىن ئارتۇق خانقىز جەلپ قىلىنىپ قىشلىتىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئىتىزلارغا تاش دۆۋىلەپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئاستىغا ئۆلگەن خانقىزنى قويۇپ قويۇش بىلەنمۇ خانقىزنى جەلپ قىلىپ قىشلاتقىلى بولىدۇ.

خىنەن ئۆلكىسى تۇكبەي ناھىيىلىك دېخانچىلىق ئىدارىسىنىڭ سىئولوگىيىلىك ئالدىنى ئېلىش-بوقتىش بونكىتى شۇ جاينىڭ ئۆزىدىن يىغىۋېلىنغان ئەيرى تۇسلۇك خانقىزنى سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن بېقىپ، 4-ئاينىڭ ئاخىرلىرى، 5-ئاينىڭ باشلىرىدا خانقىزنىڭ تۇخۇمىنى كۆپلەپ قولغا كەلتۈرگەن، ھەر كۈنى توغۇلغان تۇخۇملارنى شاپتۇل يىلىمى بىلەن قەغەزگە بېپىشتۇرۇپ، تۇخۇم تەۋىكى باسقان، ئۇنى 2~7°C لۇق تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا قويۇپ 2~20 كۈن ئۇرغۇزغان، قويۇپ

بېرىشتىن بۇرۇن ئىبلىۋىلىپ، نورمال تېمپېراتۇرىدا 4~2 كۈن قويغان، بۇ ئارىلىقتا تۇخۇم پۈتۈنلەي قارايغان ھەمدە بىر قىسىم تۇخۇمدىن لىچىنكا چىقىشقا باشلىغان. ئۇلار تۇخۇم پەۋسكىسى كېسىپ ئۇششاق پارچە-پارچە قىلىپ، ئاندىن ساپۇل يىلىمى ياكى شىلىم بىلەن كېۋەز يوپۇرمىقىنىڭ ئارقا يۈزىگە چاپلىغان ياكى تۇخۇمنى كېۋەزنىڭ تاج يوپۇرمىقىنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇپ قويغان، لىچىنكىسى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىنلا، كۆك پىتنى كۆپلەپ تۇتۇپ يېگەن. بۇنىڭ بىلەن كۆك پىتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش ئۈنۈمى 89.1~92.3% كە يەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئالتۇن كۆزنى قويۇپ بېرىش ئۇسۇلى بويىچە، غەيرى تۈسلۈك خانقىزنىڭ تۇخۇمىسى زىرائەت يوپۇر-مىقىغا پۈركۈسىمۇ بولىدۇ.

## 6. كۆپ ئۇچرايدىغان باشقا خانقىزلار

1. **قىزىل داغلىق خانقىز** يېتىلگەنلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3~4 مىللىمېتىر بولىدۇ. بېشى قارا، دولىسى پۈتۈنلەي قارا بولىدۇ. قاتتىق قانىتى قارا بولۇپ، چەك ئوتتۇرىسىدا بىردىن يۇمىلاق قىزىل داغ بولىدۇ. پۇتى قارا بولىدۇ (6-رەسىمنىڭ 1-سى).

يېتىلگەنلىرىمۇ، لىچىنكىلىرىمۇ قاتتىق قاسراقلىق ساپسىمان باپىلاق قۇرۇتىنى، ئاق قاسراقلىق ئۆچمە قۇرۇتىنى يۇتۇپ يەيدۇ.

2. **ئۆزگىرىشچان خانقىز** يېتىلگەنلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4~

5 مىللىمېتىر بولىدۇ. بېشىنىڭ ئالدى تەرىپى ساغۇچ ئاق، ئارقا تەرىپى قارامتۇل بولىدۇ. دولىسى ساغۇچ ئاق بولىدۇ، ئارقا قىرغىقىدىن ئالدى تەرەپكە تۆت ئاچماق قارامتۇل سىزىق چۈشۈرۈلگەن بولىدۇ. قاناتنىڭ سىرتقى تەرىپى نەقىشلىك بولۇپ، جەينەك تەرەپكىچە ئۇرىدۇ. ساغۇچ قوڭۇر ياكى قىزغۇچ قوڭۇر كېلىدۇ. جەمئىي 13 دانە قارا دېغى بولىدۇ، بەزىدە ئوتتۇرىدىكى 2~3 دېغى يوقاپ كەتكەن بولىدۇ (6-رەسىمنىڭ 2-سى).

ھەر يىلى 3~4 ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. تۇكبەي تاغلىق رايوندا ھەر يىلى 6~8 ئەۋلاد قالدۇرىدۇ، يېتىلگەنلىرى ناش ئاستىدا، ئۆككۈر ئىچىدە، قالدۇق ساپ-غازاك ئاستىدا قىشلايدۇ. يېتىلگەنلىرى ۋە لىچىنكىلىرى كۆۋەز يېتىنى، بۇغدايمۇ ھەممە يېتىنى تۇتۇپ يەيدۇ. غەربىي جەنۇبنىڭ تاغلىق رايونىدىكى ئامما ھەر يىلى كۈزنىڭ ئاخىرلىرىدا ناقىغا چىقىپ، خانقىز قىشلايدىغان ئۆككۈرلەردىن خانقىز تۇتۇپ كېلىپ، ئۆيدە بېقىپ ئامان-ئېسەن قىشلىتىپ، كېيىنكى يىلى كېۋەزلىككە قويۇپ بېرىپ كۆك پىت يوقىتىدۇ.

**3. ئىككى داغلىق خانقىز** يېتىلگەنلىرىمۇ، لىچىنكىلىرىمۇ ئاساسلىقدا بولىدىغان بېسىل بوزاك پىتىنى، بۇغدايمەك پىتىنى، كۆۋەز پىتىنى، بۇغداي پىتىنى، شاپتۇل پىتىنى، نوتىلىق قاسراقلىق قۇرۇتنى تۇتۇپ يەيدۇ.

يېتىلگەنلىرىنىڭ تېنى 4~5 مىللىمېتىر، كەڭلىكى 3~4

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مىللىمېتىر، ئۇزۇنچاق تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، يېرىم شار شەكلىدىكى گۈمبەزگە ئوخشاش كۆرۈنىدۇ، بېشى قارامتۇل، كۆزىنىڭ ئىچكى يان تەرىپىدە سىرتى يېرىم يۇمىلاق سېرىق داغ بولىدۇ. دۈلىسى ساغۇچ ئاق بولۇپ، دۈلىسىدا "M" شەكىللىك بىر قارا سىزىق بولىدۇ. بۇ داغنىڭ ئۇ-سىنىدىكى، ئاستىدىكى ساغۇچ ئاق بوش ئارىلىق بەزىدە قارامتۇل بولۇپ قالىدۇ. قاتتىق قانىتى ساغۇچ قوڭۇر ياكى قىزغۇچ سېرىق بولۇپ، چەك ئوتتۇرىسىدا توغرى-سىغا كەتكەن ئۇزۇن قارا داغ بولىدۇ. بۇ داغلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا قاتتىق قانىتىنىڭ ئوتتۇرى-سىغا جايلاشقان بولىدۇ. داغنىڭ رەڭگى كۆپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ (6-رەسىمنىڭ 4-سى).




6-رەسىم كۆپ ئۇچرايدىغان باشقا خانقىزلار

1. قىزىل داغلىق خانقىز
2. ئۆزگىرىشچان خانقىز
3. تۆت داغلىق ئايسىمان خانقىز
4. ئىككى داغلىق خانقىز

**4. تۆت داغلىق ئايسىمان خانقىز** يېتىلگەنلىرىمۇ، لىچىن-كىلىرىمۇ بۇغداي پىتىنى، كۆكتات پىتىنى، قارىغاي پىتىنى تۇتۇپ يەيدۇ.

يېتىلگىنىنىڭ تېنى 5~7 مىللىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا، 4~6 مىللى-مېتىر كەڭلىكتە بولۇپ، سوزۇنچاق گۈمبەز شەكلىدە كۆرۈنىدۇ.

بېشى. دولىسى ساغۇچ ئاق بولىدۇ، كۆكرەك قىسمىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە ئىبنىڭ كۆرۈنىدىغان "I" شەكىللىك قارا داغ بولىدۇ. قاتتىق قانىتى قىزغۇچ سېرىق بولۇپ، قانىتىنىڭ ھەر بىرىدە 3 قاتاردىن قارا داغ بولىدۇ. قاتتىق قانىتىنىڭ بىرلەشكەن يېرىدە، قولتۇقىدا، تاشقى قىرغىقىدا ئاھايىتى تار قارا يوللۇق گىرۋەك بولىدۇ (6-رەسىمنىڭ 3-سى).

## 2. ئالتۇن كۆز

ئالتۇن كۆزنىڭ لىچىنكىسى كۆك پىت يەيدىغان قۇرۇت دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ كۆك پىت، پاسراقلىق قۇرۇت، قىزىل ئۆمۈچۈك، يوپۇرماق تومۇز قۇرۇتى، نېرىپىس، كىپىنەك تىپى-دىكىلەرنىڭ لىچىنكىلىرى ۋە تۇخۇمى-ھەل ھاشارەتلەرنىڭ تۇخۇمىنى يەيدىغان بىر خىل مۇھىم كۆشەندە ھاشارەت. يېقىن-قى يىللاردىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاشلىق رايون-لىرىدا كەڭ كۆلەمدە سۈنئىي يول بىلەن كۆپەيتىپ كىۋەزلىككە قويۇپ بېرىلىپ، كېۋەز پىتى، غوزا قۇرۇتى قاتارلىق ھاشارەت-لەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىشتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. ھازىر مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ماشىنىلاشتۇرۇلغان زاۋۇتلاردا ئاۋۇتۇش ۋە سۈنئىي تۇخۇم ياساش ماشىنىسى تەتقىق قىلىپ ياساش خىزمىتىنى ئېلىپ بارماقتا. سۈنئىي ئوزۇق جەھەت-تىمۇ بىرمۇنچە تەجرىبە تېپىپ چىقىلدى.

www.uyghurkitap.com

بىتلگەنلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىشىل بولىدۇ، كۆزى ساپ-سېرىق، ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ. ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرىدۇ. سەزگۈ تۇرۇتى يېسىماق بولىدۇ. ئاغزى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، جايىنغۇچى ئىغىز قورسىقىدا بولىدۇ. ئىككى جۈپ قانىتى كەڭ، سۈزۈك بولۇپ، قانىتىدا تورسىمان تومۇر بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ كۆك بىر تۇپلانغان دەرەخ شېخىغا ۋە ئۆسۈملۈك يوپۇرماقلىرىنىڭ ئۈزىگە رەتلىك قىلىپ 20~30 دىن تۇغىدۇ، تۇخۇمىنىڭ رەڭگى ئىشىل بولۇپ. ھەر بىرسىنىڭ بىردىن سىمسىمان ئۇزۇن سېپى بولىدۇ ۋە ئۇ سىز تۇرۇن ساپىنىڭ ئۇچىدا قاتار تىزىپ قويۇلغان شارغا ئوخشاش ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. لىچىنكىسى ئۇرچۇق شەكلىدە بولۇپ، كۈلرەڭ قوڭۇر، ساغۇچ قوڭۇر ياكى قىزىل بولىدۇ؛ ئىستىك ئىككى يان تەرىپىدە سۆگەلسىمان نۇرلۇق قاپارچۇقى بولىدۇ. ئۈستۈنكى ئېڭىكى يېڭى ئاسسىقى ئىككى تۇرغانسىمان ئەگمەچ يەنە شەكلىدە بولۇپ. ئۇ سورىغۇچى قۇش ئېغىزى شەكىللەندۇرگەن. ئوزۇقلىنىدىغان چاغدا ئامبۇرسىمان بىر جۈپ تۇمشۇقىنى ياسقا ھاشارەتلەرنىڭ تېنىگە سانجىپ، بىر خىل زەھەرلىك ماددا چىقىرىدۇ-دە، ئۆزىدىن بىرقانچە ھەسسە چوڭ تۇكلۇك قۇرۇتنىمۇ بىرئەچچە سېكۇنت ئىچىدىلا بىھۇش ھالەتكە چۈشۈرۈپ، قىچىپ كىتەلمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ تېنىدىكى سۇيۇقلۇقىنى سورايدۇ. ئاي يېتەك يارنىپ غورەك بولۇپ. شۇنىڭ ئىچىدە قوچاقچا ئايلىنىدۇ.

ئالتۇن كۆزلۈك تەييارلىق قوچىقى غوزەك ئىچىدە قىشلايدۇ. بەزىلىرى يېتىلىپ قىشلايدۇ. ھەر يىلى 4-ئاينىڭ ئاخىرىدا چىقىدۇ، 5-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇخۇمىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. يېتىلگەنلىرى نۇرغا قاتتىق ئىنتىلىدۇ، كېچىسى ياكى كۈندۈزى يوپۇرماقنىڭ ئوڭ يۈزىگە ياكى ئارقا يۈزىگە، غول شېخىغا تۇغىدۇ. ئەمما يوپۇرماقنىڭ ئارقا يۈزىگە ئەڭ كۆپ تۇغىدۇ. چىشىسىنىڭ ھەر بىرى مىڭ نەچچە يۈزنى تۇغىدۇ بىر ئايچە ئۆمۈر كۆرىدۇ. يېتىلگەنلىرىنىڭمۇ، لىچىنكىلىرىنىڭمۇ ئۆزىنىڭ تۇخۇمىنى يەۋالىدىغان ئادىتى بار، بەزى چاغلاردا لىچىنكىسى ئۆزى يەپ ئىششىپ قالغان قاسراقنى دۈمبىسىگە ئارتىۋالىدۇ، بەزىلىرى كۆتۈرەلىگۈسىز دەرىجىدە ئارتىۋالىدۇ، ھەتتا ئۆزىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. لىچىنكىلىرى بىر-بىرىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئادەتتە تۇخۇمدىن يېڭى چىققان لىچىنكىسى تۇخۇم قاسىرىقىدا بىر مەھەل تۇرۇپ، ئاندىن تۇخۇم سېپى بويلاپ چۈشۈپ ئوزۇقلۇق ئىزدەيدۇ. لىچىنكىسى ئوزۇقلىنىش مەزگىلىدە ماياقلىمايدۇ. يېتىلگەندىن كېيىن ئاندىن ماياقلايدۇ. قىشلايدىغان لىچىنكىسى غوزەك توقۇپ قوچاقتا ئايلىنىدۇ، بەزىلىرى قاتلىنىدىغان يوپۇرماقنىڭ ئىچى تەرىپىگە غوزەك توقۇيدۇ، بەزىلىرى تۇپراققا غوزەك توقۇيدۇ. قوچاقتىن چىقىدىغان چاغدا غوزەكنىڭ يۇمىلاق قاپقىقى بار جايىدىن چىقىپ، يېڭى بىر قەۋەت پوستىنى تاشلاپ يېتىلگەن ھاشارەتكە ئايلىنىدۇ.

ئالتۇن كۆزلۈك يېتىلگەنلىرىمۇ لىچىنكىلىرىمۇ باشقا ھاشا-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

رەتلەرنى تۇتۇپ يەيدۇ. يەنە كىلىپ خېلى كۆپ يەيدۇ. مەسىلەن، بىر چوڭ ئالتۇن كۆز ئۆمرىدە 811 كېۋەز پىتىنى، چىپار ئالتۇن كۆزنىڭ بىر لىچىنكىسى ئۆمرىدە 540 كېۋەز پىتىنى يەيدۇ. ياپونىيىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، چىپار ئالتۇن كۆزنىڭ بىر لىچىنكىسى پۈتۈن ئۆمرىدە 2 مىڭ 77 كۆكتات پىتىنى يەيدىكەن، يىتىلگىنى 4 مىڭدىن ئارتۇق كېۋەز پىتى يەيدىكەن. ئېلىمىزنىڭ تەيۋەن ئۆلكىسىدە ئادەتتىكى ئالتۇن كۆزنىڭ لىچىنكىسى 3 مىڭ 780 دانە قاسراقلىق قۇرۇت يۇتۇپ يەيدۇ. ئامېرىكىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئادەتتىكى بىر ئالتۇن كۆز لىچىنكىسى 20°C لۇق تېمپېراتۇرا شارائىتىدا، 393 كۆك پىت، مىڭ دانە قىزىل ئۆمۈچۈك يەيدىكەن.

ھازىر بار مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئالتۇن كۆزنىڭ خىللىرى دۆلىتىمىزدە ئون نەچچىگە يېتىدىكەن. خېنەن ئۆلكىسىنىڭ زىرائەت ۋە مېۋىلىك دەرەخ، ئورمانلار ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، ئالتۇن كۆزنىڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان مۇنداق تۆت خىلى بار ئىكەن:

## 1. چوڭ ئالتۇن كۆز

بۇ خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ھەممە يېرىدە تارقالغان، كۆك پىت، قىزىل ئۆمۈچۈك، غوزا قۇرۇتى، ئەگمەچ بەللىك قۇرۇت، كېۋەزنىڭ ئۆزەك قۇرۇتى، قىيپاش داغلىق پەرۋانە قاتارلىقلارنىڭ تۇخۇمىنى، كىچىك لىچىنكىسى ۋە يوپۇرماق تومۇز

قۇرۇتىنىڭ باللىرىنى يەيدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىگى** بېتىلگىنىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 13~15 ملليمېتىر، ئالدىنقى قانىتى 17~18 ملليمېتىر بولىدۇ، تېنىنىڭ رەڭگى ساغۇچ يېشىل بولۇپ، بېشىدا 2~7 قارا داغ بولىدۇ. ئادەتتە 4 داغلىغى كۆپرەك ئۇچرايدۇ، جاۋغىيىدا بىر جۈپ داغ بولىدۇ، سەزگۈ بۇرۇتىنىڭ ئاستىنقى تەرىپىدە تىك تۆت بولۇڭلۇق ياكى بۇمۇلاق بىر جۈپ داغ بولىدۇ، سەزگۈ بۇرۇتىنىڭ ئارىلىغىدا بىر كىچىك داغ بولىدۇ، 4 داغلىغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دېغى بولمايدۇ، 7 داغلىغىنىڭ بولسا ئىككى مەڭ-زىدە يەنە بىردىن قارا داغ بولىدۇ، بېشىدىكى داغنىڭ ئاز - كۆپ-لۈگى، شەكلىنى ئۆزگەرتىشى ئۇنى باشقا خىللىرىدىن پەرقلەندۇرۇشنىڭ مۇھىم ئاساسى (8 - رەسىمنىڭ 1 - سى). غولىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوچۇق كۆرۈنىدىغان ساغۇچ سىزىق بولىدۇ. قانىتىنىڭ تومۇرى كۆپىنچە ساغۇچ يېشىل بولىدۇ، لېكىن ئال-دىنقى قىرغىغىدىكى توغرىسىغا كەتكەن تومۇرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قارامتۇل بولىدۇ. تۇخۇمى يېشىل بولۇپ، ئۇزۇن يىپسىمان سېپى بولىدۇ. لىچىنكىسى ئۇرچۇق شەكلىدە، بوز قوڭۇر بولۇپ، تېنىنىڭ يان تەرىپىدە سۆگەلسىمان تۈك قاپارچۇغى بولىدۇ. غوزىگى شارسىمان، يىپى ئاق بولىدۇ (7 - رەسىم).

**ياشاش ئادىتى** ھەر يىلى 5~6 ئەۋلات قالدۇرىدۇ، تەييار-لىق قوچىغى غوزەك ئىچىدە قىشلايدۇ. كېيىنكى يىلى 5 -، 6 - ئايلاردا يېتىلىپ چىقىدۇ، كۈندۈزىمۇ، كېچىسىمۇ تۇخۇملاۋې-

www.uyghurkitap.com




٧-رەسىم چوڭ ئالتۇن كۆز

1. يېتىلگىنى 2. تۇخۇمى 3. لىچىنكىسى

4. لىچىنكىسىنىڭ بېشى 5. غوزىكى

رىدۇ. ئادەتتە تۇخۇمنى بىر قەۋەت قىلىپ تىزىپ تۇغىدۇ، كۆك پىت كۆپ بولغان يەرگە تۇخۇملاشنى ياخشى كۆرىدۇ. پۈتۈن ئۆمرىدە 779 نى تۇغىدۇ. بىرىنچى ئەۋلادتىن يېتىلگەن-لىرى 6-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 7-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىغىچە پەيدا بولىدۇ، ئىككىنچى ئەۋلادتىن يېتىلگەنلىرى 8-ئاينىڭ باشلىرىدىن 9-ئاينىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا پەيدا بولىدۇ. ئۈچىنچى ئەۋلادتىن يېتىلگەنلىرى 9-ئاينىڭ

ئوتتۇرىلىرىدىن 11 ـ ئاسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا بەندا
بولدۇ. ئوتتىچى ئەۋلادنىڭ تەييارلىغان قوچقىسى 10 ـ ئەسىرنىڭ
ئاخىرلىرىدا مىللىي ئۆچۈن ئۆچەككە كىردۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** بىقىنغىچى بىللاردىن بويان، دۆلە-
تىمىزمۇ، چەنىئەللەرمۇ ئالتۇن كۆزنى كۆپەيتىش ئارقىلىق
زىياندىش ھاشارەتلەرنى يوقىتىشنىڭ ھارىسىنى ئىزلىمەكتە.
خىبەي ئۆلكىسىنىڭ مىنجۇەن ناھىيىسى ئالتۇن كۆزدىن پايدى-
لىنىپ غوزا قۇرۇتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشتا
ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. غەربىي شىمال بىزا
ئىگىلىك سۆيۈمىنى سۇئىي يۇخۇم ئارقىلىق ئالتۇن كۆزنىك
2 ياشنىي ئاشقان لىچىنكىسىنى كۆپەيتىنى. بولارنىڭ ھەممىسى
نەي بولۇپ غوزەك ھاسىل قىلدى. جوڭگو دېخانچىلىق-
ئورمانچىلىق پەنلىرى ئاكادېمىيىسى كۆك بىت باكى سال
پەرۋانىسىنىك يۇخۇمى بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇپ، قىشلىق ئوزۇق
مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

ھازىر ھەرقايسى جايلار ئالتۇن كۆزنى بېقىشتا تۆۋەندىكى
سىرقانچە ھىل ئۇسۇلنى قوللانماقتا: (1) قۇرۇق جىمىرتۇرۇچى-
سىن 35 گىرام ئېلىپ، ھەسەلدىن 20 مىللىلىتىر (ياكى شېكەر-
دىن 10 گىرام، ھەسەلدىن 10 مىللىلىتىر) ئېلىپ، ئۇنىڭغا
80 مىللىلىتىر سۇ قوشۇش. (2) شىباۋمۇ ناپلىتىكىسى (دوجۇر-
لۇقنا ئىشلىتىلىدىغان)دىن 25 گىرام، شېكەردىن 10 گىرام،
ھەسەلدىن 10 مىللىلىتىر ئېلىپ، ئۇنىڭغا 100 مىللىلىتىر سۇ

www.uyghurkitap.com

فوسۇش. (3) كۆك پىت ئارقىلىق ھەر خىل ئالتۇن كۆز لىچىنكىلىرىنى باقسىمۇ، ئوخشاشلا نورمال ئەي بولۇپ، غوزەك تۈتۈپ، قوچاقدا ئايلىنىپ، بىتلىپ چىقىدۇ، تۇخۇم تۇغىدۇ، تۇخۇمدىن لىچىنكىسى چىقىدۇ. ئەي بولۇش نىسبىتى 60% تىن يۇقۇرى بولىدۇ.

ئالتۇن كۆز ئارقىلىق زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشنىڭ چارىسى مۇنداق: ئادەتتە ئالتۇن كۆزنىڭ تۇخۇم تەۋىكىنى 2 كۈن تۇرغۇزۇپ، تۇخۇمى بوز رەڭگە ئۆزگەرگەندە، ئېتىزغا قويۇپ بېرىلىدۇ. ۋاقتىنچە ئېتىزغا قويۇلمايدىغان تۇخۇم تەۋىكىنى تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا ساقلىسىمۇ بولىدۇ. 13°C~8°C لۇق تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا 2~1 ھەپتە ساقلىغىلى بولىدۇ، 16°C~14°C لۇق شارائىتتا بىر ھەپتە ئۆپچۆرىسىدە ساقلىغىلى بولىدۇ. قويۇپ بېرىشتىن بۇرۇن، تۇخۇم تەۋىكىنى لېنتا شەكلىدە پارچە-پارچە قىلىپ كېسىۋېلىپ (ھەر بىر پارچىسىدە بىرقانچىدىن تۇخۇم بولۇشى كېرەك)، قويۇپ بېرىشتىن ئىلگىرى، ئۇزۇن پارچىسىنى زىرائەتنىڭ غولىغا باغلاپ قويسا بولىدۇ، قىسقا پارچىسىنى زىرائەتنىڭ يوپۇرمىقىغا ياكى شېخىغا شىلىم بىلەن چاپلاپ قويسىمۇ بولىدۇ. چەتئەللەردە ئايروپىلان ئارقىلىق ياكى سۇيۇق دورا پۈركۈش ماشىنىسى ئارقىلىق ئاۋال ئۆسۈملۈككە سىبكەر قىيامى پۈركۈلىدۇ. ئاندىن كېيىن تۇخۇمى پۈركۈلۈپ، يوپۇرماققا يېپىشتۇرۇلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، خىمىيۋى دىخانچىلىق دورىلىرى ئارقىلىق باشقا زىبانداش ھاشارەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىشتا، ئۆلتۈرۈش دائىرىسى كەڭرى دىخانچىلىق دورىسىنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك. ئالتۇن كۆزنىڭ دورىغا چىداش كۈچى ناچار، شۇنىڭ ئۈچۈن ئالتۇن كۆز يېتىلىۋاتقان مەزگىلدە دورا ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش لازىم.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ئالتۇن كۆز پارنىڭ ئىچىگە قويۇپ بېرىلسە، تەرخەمەك چېچىكى شىرنىسىنى يەمەي، جۇڭگو چىنىگۈلىسى يەيدىكەن. دېمەك، پارنىڭ ئىچىگە جۇڭگو چىنىگۈلىنى تېرىش ئارقىلىق ئالتۇن كۆزنىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتكىلى بولىدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، كېۋەزگە گىلىتسېرىن قوشۇلغان، سۇدا ئېرىيدىغان بىلوك پۈركۈلسە، ئالتۇن كۆز كېلىپ تۇخۇم تۇغىدىكەن.

## 2. جۇڭخۇا ئالتۇن كۆزى

بۇ خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان، يېتىلگەنلىرىمۇ، لىچىنكىلىرىمۇ كۆك پىت، قىزىل ئۆمۈچۈك ۋە باشقا كېپىنەك، پەرۋانە تىپىدىكى ھاشارەتلەرنىڭ لىچىنكىسىنى، تۇخۇمىنى يەيدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىگى** يېتىلگىنىنىڭ تېنى 9~10 مىللىمېتىر، ئالدىنقى قانىتى 13~14 مىللىمېتىر، تېنىنىڭ رەڭگى ساغۇچ يېشىل بولىدۇ، دۈمبىسىدە پۈتۈن بەدىنىنى كېسىپ

www.uyghurkitap.com

ئۆتىدىغان سېرىق سىزىق بولىدۇ، بېشى ساغۇچ ئاق بولۇپ، ئىككى مەڭزىدە بىردىن قارا داغ بولىدۇ. ئىككى قوۋعىسىدا بىردىن قارا سىزىق بولىدۇ، بۇ ئىككى داغ كۆپىنچە تۇتىشىپ تۇرىدۇ. دىمەك، ئۇنىڭ بېشى چوك ئالىنۇن كۆزنىك. چىپار ئالىنۇن كۆزنىڭ بېشىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ (8 ـ رەسىمنىڭ 3 ـ سى).

**ياشاش ئادىتى** هەر يىلى 6~7 ئەۋلات قالدۇرىدۇ. يېتىلگەنلىرى ئورمان، ئوت ـ چۆپ دۆۋىسى قاتارلىق شامال نەگمەيدىغان كۇنگەي يەرلەردە قىشلايدۇ. كېيىنكى يىلى 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا هەركەتلىنىشكە باشلايدۇ. بىرىنچى ئەۋلادىنىڭ تۇخۇملايدىغان ۋاقتى 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلىدۇ. 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى لىچىنكىلىرى تۇخۇمدىن چىقىدىغان ۋاقىت بولىدۇ، 5 ـ ئاينىڭ باشلىرى قوچاق بولۇش مەزگىلى ھىساپلىنىدۇ، 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى يېتىلىپ قوچاقتىن چىقىش مەزگىلى بولىدۇ. ئىككىنچى ئەۋلادى 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە پەيدا بولىدۇ، ئۈچىنچى ئەۋلادى 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە پەيدا بولىدۇ. تۆتىنچى ئەۋلادى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە




8 ـ رەسىم 3 خىل ئالتۇن كۆزنىڭ بېشى

1. چوك ئالىنۇن كۆز
2. چىپار ئالىنۇن كۆز
3. جۇگخۇا ئالىنۇن كۆزى

يەبدا بولىدۇ. بەسىحى ئەۋلادى 8 ـ ئايىنك ئاحىرلىرىدا تۇخۇم-
لابىدۇ. ئۇنىك نۇحۇملىرى نارفاق بولىدۇ، پۈتۈن ئۆمرىدە
211~914 تۇخۇم تۇغىدۇ، ئوتتۇرا ھىساب بىلەن 488 دىن
تۇحۇملايدۇ. بىتلىگەنلىرى 10 ـ ئايدىن كېيىن قىشلاش ئۈچۈن
ئۇحەككە كىرىدۇ.

لىچىنكىسىنىك ئورۇقلىنىش مىقدارى خېلى جوك، تۇتۇي
ئوزۇقلىنىش مىقدارى كۆچلۈك بولىدۇ، پۈتۈن ئۆمرىدە
ئوزا قۇرۇتىي، قىزىل ئۆمۈچۈكتىن بولۇپ 1 مىڭ 863 نى،
كىۋەر يىسىدىن 514 نى، كىۋەردە بولىدىغان قىزىل كۆسەك
قۇرۇتىدىن 320 نى، ئوزا قۇرۇتىنىڭ بىر ياشلىق لىچىنكىسى-
دىن 522 نى، ئىككى ياشلىق لىچىنكىسىدىن 52 نى تۇتۇپ
يەيدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش جوك ئالتۇن كۆزگە ئوحشاش.**

## 3. چىپار ئالتۇن كۆز

حسار ئالتۇن كۆز كىچىك ئالتۇن كۆز دەپمۇ ئاتىلىدۇ،
ھەممە يەرگە تارقالغان، كۆك پىت تۇتۇپ يېيىشنى ياخشى
كۆرىدۇ.

تاشقى **كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىگى** بىتلىگىنىنىك ئۇزۇنلۇغى
9~11 ملليمېتىر، ئالدى قانىتىنىك ئۇزۇنلۇغى 13~15 ملليمې-
تىر بولىدۇ. تېنىنىك رەڭگى ئۇچۇق يېشىل بولىدۇ. بېشىدا 9
دانە داغ بولىدۇ. ئىككى جاۋغىيىدا بىردىن ئۇزۇن داغ بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئىككى مەكزىدىمۇ بىردىن ئۇزۇنراق داغ بولىدۇ. سەزگۈ بۇرۇ-
تىنىڭ تۈۋەن تەرىپىدە يېپكى ئاي شەكىللىك بىر جۈپ سىناتق
بولىدۇ، سەزگۈ بۇرۇتىنىڭ ئارىلىغىدا بىر داغ، چوققىسىدا بىر
جۈپ داغ بولۇپ. بۇ داغلارنىڭ ھەممىسى كىچىك ھەم يۇمۇلاق
بولىدۇ (8-رەسىمنىڭ 2-سى). دولىسىنىڭ چىك ئوتتۇرىسىدا
توغرا ئىرىسقىچە بولىدۇ.

**ياشاش ئادىتى** ھەر يىلى 5~6 ئەۋلات قالدۇرىدۇ، تەييارلىق
قوچىغى ئوزەك ئىچىدە قىشلايدۇ. كېيىنكى يىلى 5-، 6-
ئايلاردا قوچاقتىن چىقىدۇ. ئۇخۇمىنى تارقاق تۇغىدۇ. چىشىسى-
نىڭ ھەر بىرى پۈتۈن ئۆمرىدە 892 تۇخۇم تۇغىدۇ، زىرائەت
تۆپلىرىنىڭ ئۇسۇنكى قىسمىغا ياكى تۇخۇم قاپچۇغىنىڭ ئۇقۇرى
قىسمىغا تۇخۇملايدۇ. يىتىلگەنلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ تۇخۇمىنى يەۋال-
دىغان ئادىتى بار.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** چوڭ ئالتۇن كۆز بىلەن ئوخشاش.

## 4. يېشىل ئالتۇن كۆز

بۇ خىنەن ئۆلكىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان، يېتىل-
گەنلىرىمۇ، لىچىنكىلىرىمۇ ھەر خىل كۆك پىنلارنىلا ئوتۇپ
يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىگى** يېتىلگەنلىرىنىڭ تېنىنىڭ
ئۇزۇنلۇغى 10~11 مىللىمېتىر. ئالدى قانىتى 18~19 مىللىمې-
تىر بولىدۇ. تېنىنىڭ رەڭگى ساغۇچ يېشىل بولىدۇ. بېشىدىكى

سزىق ـ داغلار چىپار ئالتۇن كۆزنىڭكىگە ئوخشاپىراق كېتىدۇ. ئالدى قانىتىنىڭ ئالدىىقى قىرغىقىدىكى تومۇرنىڭ يانداش ئالدىنقى قىرغاق تومۇرغا يېقىن بىر ئۇچى فارا، قالغان بېرى يېشىل بولىدۇ. تۇخۇمنى تارقاق تۇغىدۇ.

**ياشاش ئادىتى** قالدۇرىدىغان ئەۋلادىنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس، تەييارلىق قوچىغى غوزەك ئىچىدە قىشلايدۇ، كېيىنكى يىلى 4 ـ ئايدا غوزەكتىن چىقىپ تۇخۇملايدۇ.

ئاسراش ۋە پايدىلىنىش چوك ئالتۇن كۆز بىلەن ئوخشاش.

## 3. سىبردىق ھەرە

سىبرىق ھەرە بوغۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ياشاش، كۆپىيىش مەزگىلىدە ھەمىشە باشقا زىياندىش ھاشارەتلەرنى تۇتۇپ يەيدۇ، باللىرىنى باقىدۇ. شۇكا ئۇ زىياندىش ھاشارەتلەرنى يوقىتىدىغان مۇھىم بىر خىل كۈشەندە ھېساپلىنىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەمنى چاقىدۇ، نەشپۈت، ئالما، ئۈزۈم قاتارلىق پىشقان مېۋىلەرنىمۇ يەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ بىر خىل زىياندىش ھاشارەت بولۇپمۇ ھېساپلىنىدۇ.

سىبرىق ھەرىنىڭ تۈرى خېلى كۆپ، جېنەن ئۆلكىسىدە مۇنداق ئىككى خىل مۇھىم تۈرى ئۇچرايدۇ:

### 1. ئۇزۇن پۇتلۇق سىبرىق ھەرە

بۇ مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقالغان، يېتىلگەنلىرى

www.uyghurkitap.com

غوزا قۇرۇتى، ئەگمەج بەلـلىك قۇرۇت، كاپۇستا كېپىنەكلىك قۇرۇتى (كاپۇستىدا بولىدىغان كـۆك قۇرۇت) قاتارلىق كېپىنەك تۇرىدىكى كۆپ خىل ھاشارەتـلەرنىڭ لىچىنكىلىرىـنى تۇتۇپ، باللىرىنى باقىدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى**



9-رەسىم ئۇزۇن پۇتلۇق سېرىق ھەرە

يېتىلگەنلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 20 مىللىمېتىر، رەڭگى ساغۇچ قوڭۇر بولىدۇ، چوققىسىدا ئىككى سېرىق سىزىق بولىدۇ. دولىسىدا بىر دانە چوڭ ئۈچ بۇلۇڭلۇق قارا داغ بولىدۇ، غولىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇنىسىغا كەتكەن ئىككى تال قىزغۇچ سېرىق سىزىق بولىدۇ. قوساق قىسمىنىڭ بىرىنچى بوغۇمى قارا بولۇپ، ئىككى يان نەرىپىدە بىر تالدىن قىزغۇچ سېرىق سىزىق بولىدۇ، قالغان بوغۇملىرى قىزغۇچ قوڭۇر بولىدۇ. تۇخۇمى ئاق، سوقچاق بولىدۇ. لىچىنكىسى ئۇزۇنچاق نەيچە شەكلىدە، سۇس بوز بولىدۇ. بېشى قارا بولىدۇ، پۇتى بولمايدۇ. سېمىز كېلىدۇ (9-رەسىم).

**ياشاش ئادىتى** ھەر يىلى 3 ئەۋلات قالدۇرىدۇ. چىشىسى ئۆيدە، دەرەخنىڭ كامىرىدا، ئوت-چۆپ ئارىسىدا قىشلايدۇ. كېيىنكى يىلى 3-، 4-ئايلاردا ھەركەتلىنىشكە باشلاپ، چېچەك شىرنىسى بىلەن ئوزۇقلىنىپ، 5-ئاينىڭ باشلىرىدا ۋە ئوتتۇرىلىرىدا كۆنەك تىزىپ تۇخۇملايدۇ. كۆنەك تىزىدىغان چاغدا

ئاۋال سۇ ۋە قەغەز پارچىلىرى باكى ياغاچ كىپىكى قاتارلىق نەرسىلەرنى يەپ يۇمشىنىپ، يىپىشقاق نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ، كۆنىكىسىنىڭ ئۇلىنى، جۆرىسىنى ئاستا-ئاستا ئېگىزلىتىدۇ. كۆنىكىنىڭ كاۋاكلىرى تۇخۇمىنى دالدىغا ئالغۇدەك بولغاندىلا، تۇغۇشقا باشلايدۇ. ھەر بىر كاۋاككا بىردىن تۇخۇم تۇغىدۇ. 10 نەچچە كۈن ئۆتكەندە تۇخۇمىدىن لىچىنكىسى چىقىدۇ، بۇ چاغدا، ئانا ھەرە يىراق جايلارغا ئۇچۇپ بېرىپ پەرۋانە، كېپىنەك لىچىنكىلىرىنى تۇتۇپ كېلىپ كۆنىكىدىكى لىچىنكىلىرىنى باقىدۇ. لىچىنكىسى يۇتۇن ئۆمرىدە نامامەن ئانىسىنىڭ بېقىشىغا تايىنىپ ياشايدۇ، سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن بېقىلسا، لىچىنكىسى غوزا قۇرۇتىنىڭ ئىككى ياشلىق لىچىنكىسىدىن 20~30 نى يەيدۇ. ئوزۇقلۇق يېتەرلىك بولغان شارائىتتا، لىچىنكىلىرى 8 كۈندىلا كۆنىكىنىڭ ئاغزىنى ئۆزى ئېتىۋالىدۇ، كۆنىكىنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالغاندىن كېيىن ئوزۇقلىنىشنى توختىتىپ قوچاقا ئايلىنىشقا باشلايدۇ، 20 نەچچە كۈندىن كېيىن يېتىلىپ، كۆنىكىنىڭ ئاغزىنى يېرىپ، ئۆملەپ چىقىپ قاناتلىرىنى كېرىپ ئانا ھەرىگە ئايلىنىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شاڭچيۇ قاتارلىق ياختىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاممىسى سۈنئىي كۆچۈرۈش چارىسىنى قوللىنىدۇ. ئالدى بىلەن جۇڭگۇن، بوغداي پاخىلىنىڭ بىر ئۇچىنى كۆتۈلۈكسىمان باكى موگۇسىمان قىلىپ بوغۇپ، ھەرە كۆنىكى ئۇچۇن قونداق ياسايدۇ ۋە بۇ قونداقنى دەرەخ-

نىڭ ئەرلىغا باكى فوزۇقتا يەردىن 2.5 مېتىر ئېگىز قىلىپ باغ-
لاپ بېكىتىپ قويىدۇ. كېچىسى ھەرە كۆنىگىگە خالتا كىيگۈزۈپ
تۇرۇپ، ئۇنى پېچاق ياكى قايچا بىلەن كېسىۋېلىپ باكى شاخ
بىلەن قوشۇپلا ئېلىپ، ئېتىزدىكى ئوت-چۆپتىن ياسالغان كۆپەك
قونديغا ئاپىرىپ قويىدۇ. مىنچۆەن قاتارلىق جايلارنىڭ تەج-
رىبىسىدىن قارىغاندا، ھەر مو كېۋەز ئېتىزىغا 5~7 ئۇۋا ھەرە
قويۇلۇپ ئۇنىڭدىكى ھەرىلەرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلدىكىلىرىدىن
50~100 ي، كېيىنكى مەزگىلدىكىلىرىدىن 200~300 ي ساقلاپ
قېلىنسا، غوزا قۇرۇتى ياكى ئەگمەچ بەللىك قۇرۇتنىڭ زىيان-
داشلىغىنى تىزگىنلىگىلى بولىدىكەن.

## 2. تاغىل سېرىق ھەرە

بۇ مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان، يېتىلگەنلىرى پەر-
ۋانە تېپىدىكىلەرنىڭ لىچىنكىلىرىنى تۇتۇپ كېلىپ بالىلىرىنى
باقىدۇ. تۇتۇپ ئوزۇقلىنىش ئىقتىدارى خېلى كۈچلۈك، سانىمۇ
كۆپ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى** يېتىلگەنلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇغى
40 مىللىمېتىر كېلىدۇ. بېشى ساغۇچ قىزىل بولىدۇ، كۆكرەك
قىسمى قارا قوڭۇر بولىدۇ، چوققىسىدا رومبا شەكىللىك قارا داغ
بولىدۇ، ئولدا يېرىم ئاي شەكىللىك ئىككى قارا سىزىق بولىدۇ.
قورساق قىسمىنىڭ 1-، 2-بوغۇمىدا قىزغۇچ قوڭۇر، 3-، 5-
بوغۇمىدا خېلى چوڭ قارا سىزىق بولىدۇ. قالغىنى قوڭۇر بولىدۇ،

تۆشىدا ئۇزۇن ساغۇچ قوڭۇر تۈك بولىدۇ (10-رەسىم).



10-رەسىم تاغىل سېرىق ھەرە

**ياشاش ئادىتى** قالدۇرىدىغان ئەۋلادىنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس، يېتىلىپ قىشلايدۇ، كېيىنكى يىلى 4-ئايدا ئۇچەكتىن چىقىپ، پەرۋانە تىپىدىكىلەرنىڭ لىچىنكىسىنى تۇتۇپ يەيدۇ، بېشابۇنىڭ ئاستىدا ياكى دەرەخنىڭ كاۋاكلىرىدا ئۇۋىلاپ ئەۋلادىنى كۆپەيتىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** ئۇزۇن پۇتلۇق سېرىق ھەرىگە ئوخشاش.

# 4. سېرىق تۇمشۇق ھەرە

سېرىق تۇمشۇق ھەرە دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە ئومۇمىي يۈزلۈك تارقالغان. تەككە قاناتلىقلار ئەترىتىدىكىلەرنىڭ لىچىنكىلىرىنىلا تۇتۇپ كېلىپ بالىلىرىنى باقىدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى** چىشىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 17~23 مىللىمېتىر، رەڭگى ساغۇچ قوڭۇر بولىدۇ، قارا سىزىقلىرى بولىدۇ. غولى سېرىق بولۇپ، ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان قارا سىزىقى بولىدۇ. قانىتى ساغۇچ قوڭۇر، يېرىم سۈزۈك كېلىدۇ. قورساق بوغۇملىرىنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىدا قارا سىزىقلار بولىدۇ، ئاخىرقى قىسمىنىڭ سېرىق سىزىقلىرى ئارىلىقلىرىدا تولاراق

www.uyghurkitap.com



قىزغۇچ سىزىقلار بولىدۇ، تۇخۇمى ئۇزۇنچاق. سۇس قوڭۇر بولىدۇ، ئۇچىدا بىر تال يىپچىسى بولۇپ، كۆپەكنىڭ ئۈستىدە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. لىچىنكىسىنىڭ پۇتى بولمايدۇ. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 18~22 مىللىمېتىر، رەڭگى ئاپپاق، ئىككى ئۇچى تۆۋەنگە ئېگىلگەن بولىدۇ. قوچىقى ساغۇچ بولىدۇ (11-رەسىم).

11-رەسىم سېرىق تومشۇق ھەرە
1. چىشىسى 2. تۇخۇمى
3. لىچىنكىسى 4. قوچىقى

**ياشاش ئادىتى** جەنۇب نەرەپتە ھەر يىلى 2 ئەۋلات قالدۇرىدۇ، نەييارلىق قوچاق ھالىتىدە قىشلايدۇ. كېيىنكى يىلى 5-ئاينىڭ ئاخىرلىرى قوچاقتا ئايلىنىشقا باشلاپ، 6-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىدا يېتىلىدۇ، 7-ئاينىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرىدا تۇخۇملايدۇ، 2~3 كۈندىن كېيىن تۇخۇمىدىن لىچىنكىسى چىقىدۇ. لىچىنكىسى 8~9 كۈندىن كېيىن تەييارلىق قوچاق مەزگىلىگە كىرىپ، 3~5 كۈن ئۆتكەندە قوچاقتا ئايلىنىدۇ، 10~12 كۈندىن كېيىن، قوچاق مەزگىلىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ يېتىلىپ چىقىدۇ. 9-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىدا كۆنەك تىزىپ تۇخۇملايدۇ. ئۇنىڭدىن چىققان لىچىنكىلار، 9-ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، تەييارلىق قوچاق مەزگىلىگە كىرىپ قىشلاشقا باشلايدۇ.

يېتىلگەنلىرى كېچىسى پامبۇك نەيچىسى، دەرەخنىڭ كامىرى قانارلىق يېپىق ئورۇنلارغا كىرىپ. ھەركەتلەنمەي جىم تۇرىدۇ. كۈندۈزى ئېتىزلارغا بېرىپ ھۆپلىشىدۇ، زىيانداش ھاشارەتلەرنى تۇتىدۇ، تۇخۇملاشتىن بۇرۇن تۆشۈك-كامارلارنى تېپىپ كىرىپ تەكشۈرۈپ باقىدۇ، ئەگەر شارائىت مۇۋاپىق كەلسە، ئاۋال كامارنىڭ ئىچكىرىرەك يېرىگە بىر تال تۇخۇم تۇغۇپ. تۆشۈكنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويىدۇ. زىيانداش ھاشا-رەتلەرنى تۇتۇش ئۈچۈن ئېتىزلارغا كېتىدۇ. زىيانداش ھاشا-رەتنى تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ بويني-دىن چىشلەپ، ئالدى پۇتى بىلەن چىڭ قامالىدۇ، ئاندىن قوسىقىنى زىيانداش ھاشارەتنىڭ قوسىقىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن تۆۋەن تەرەپكە ئېگىپ تۇرۇپ نەشتىرىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ تېنىگە سانجىپ، زەھەرلىك سۇيۇقلۇق چىقىرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن زىيانداش ھاشارەت ئاستا-ئاستا ھالسىزلىنىپ بىھوش ھالەتكە كېلىدۇ، چىشىسى تۇتۇپ كەلگەن ھاشارەتنى كامارنىڭ ئىچى-دىكى تۇخۇمنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە قويۇپ قويۇپ، يەنە ھاشا-رەت تۇتقىلى كېتىدۇ. ئادەتتە ھەر بىر تۇخۇمنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە 6~25 زىيانداش ھاشارەتنى ئەكىرىپ قويۇپ، ئاندىن ئېرىق بويىغا بېرىپ لاي چىشلەپ كېلىپ، ئۆۋىسىنى پېچەت-لەيدۇ: لايىنى سېرىق ۋە تەكشى قىلىپ سۇۋايدۇ. ئۆۋىسىنى ياساپ بولغاندىن كېيىن داۋاملىق ئىككىنچى ئۆۋىسىنى ياسايدۇ، 14 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كاۋاك ياغاچنىڭ ئىچىگە ئادەتتە

www.uyghurkitap.com

5~3 ئۇۋا ياسايدۇ، چىشىسىنىڭ ھەر بىرى ھەر كۈنى 12~6 تۇخۇم تۇغىدۇ. 3~2 كۈندىن كېيىن تۇخۇمىدىن لىچىنكىسى چىقىپ ھېلىقى ھاشارەت دۆۋىسى ئۈستىگە چۈشىدۇ-دە، ئوزۇق ئۆتمەيلا ئوزۇقلىنىشقا باشلايدۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن زىياندەش ھاشارەتنى پۈتۈنلەي يەپ بولىدۇ. يەنە 2~1 كۈندىن كېيىن، تەييارلىق قوچاق مەزگىلىگە كىرىدۇ. چىشىسى تۇتۇپ كەلگەن لىچىنكىلارنىڭ كۆپىنچىسى تەڭگە قاناتلىقلار ئەترىتىدىكى 5~3 ياشلىق ھاشارەتنىڭ لىچىنكىلىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ. بىر كامارغا تاشلانغان لىچىنكىلارنىڭ تولىسى بىر بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدى-غان بىر ئىككى خىل زىياندەش ھاشارەتنىڭ لىچىنكىلىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ. لىچىنكىسى يېتىلگەندىن كېيىن بىر-ئىككى كۈن ئۆرۈپلا، ئۈۋىسىنىڭ لاي بىلەن ئېتىۋېتىلگەن يېرىسى بالاپ تېشىپ چىقىپ ئۇچۇپ كېتىدۇ.

**ئاسىراش ۋە پايدىلىنىش** بۇ خىل ھەرىنىڭ تۇخۇملاش-كۆپىيىش ئادىتىگە ئاساسلانغاندا، ئۇنى بەسىمان كاۋاك ياغاچقا جەلپ قىلىپ توپلىغىلى بولىدىكەن. مەسىلەن، جېجياڭ ئۆلكى-سىنىڭ جىنخەي ناھىيىسى شيابۇ گۇڭشېسى دۇڭۋاك دادۇيى 2 مىڭ دانە بامبۇك نەيچىسى تەييارلاپ بىر تالدىن ياكى بىر باغلامدىن قىلىپ ئېتىزغا قاداپ قويغان، ئۇنىڭ كۆپىنچىسىگە چىشىسى كېلىپ، ئۇۋىلاپ تۇخۇم سالغان.

# 5. تۇتۇپ ئوزۇقلىنىدىغان باشقا ھەرىلەر

**(1) بوغماق ھەرە** يېتىلگەنلىرى سېرىق ھەرىگە ئوخشايراى كېتىدۇ، قورسىقىنىڭ 1-بوغۇمى بىلەن 2-بوغۇمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىنچىكە بىر ساپاق بولۇپ، بۇ ھال ئۇنى قاپاق شەكلىگە كىرگۈزىدۇ، شۇڭا ئۇ ئىنچىكە بەل ھەرە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قانىتى قارامتۇل بولۇپ، ئۇزۇنتۇغا بېغىلىپ تۇرىدۇ (12-رەسىم).



12-رەسىم بوغماق ھەرە

يېتىلگەنلىرى تامغا ياكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۈستىگە لاي بىلەن لوكقىسىمان ئۇۋا ياسايدۇ، ئۇۋىسىنىڭ ئاغزى ۋارونكا شەكلىدە بولىدۇ. تامنىڭ تۈلۈكىگە بىر بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ يېرىم سار شەكلىدە بىرقانچە لاي ئۇۋا ياسايدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ دەرەخ شېخىغا ياسىغان ئۇۋىسى سار شەكلىدە بولىدۇ. يېتىلگەنلىرى تۇتۇپ كەلگەن كۆك قۇرۇت ياكى ئۆمۈچۈك تۈردىكى ھاشارەتلەرنى نەشتىرى بىلەن بىھوش قىلىپ، ئاندىن ئۇۋىسىغا ئېلىپ كىرىپ ساقلايدۇ، ئاندىن كېيىن شۇ ئۇۋىسىغا تۇخۇم تۇغۇپ، ئاغزىنى لاي بىلەن ئېتىۋېتىدۇ. لىچىنكىسى تۇخۇمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئانىسى ئۇۋىسىغا تەييارلاپ قويغان يېمەكلىك بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، يېتىلگەندىن كېيىن،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇۋىسىنىڭ ئاغزىنى بالاي تېشىپ چىقىپ كېتىدۇ.

**(2) قىزىل بەل لاي ھەرىسى** بېنىلگىسىنىڭ قوسىقى بوغۇ-
ماق، ئىنچىكە، ئۇزۇن بولغاچقا، بوغماق بەل ھەرە دەپمۇ ئاتى-
لىدۇ. دولىسى بىلەن يەلكىسى تۇتاشمايدۇ. چىشىسىنىڭ بېشى
قارامتۇل بولىدۇ. قوساق قىسمى 1-بوغۇمىنىڭ ئىككى بېقىنى،
ئارقا قىرغىقى ۋە 2-بوغۇمىنىڭ دۈمبىسى شۇنىڭدەك كەينى
پۇتىنىڭ يېرىمى قىزىل بولىدۇ، بېشى، كۆكرىكى، قوسىقىنىڭ
ئاخىرقى ئۈچى قوڭۇر بولىدۇ، 2-بوغۇمى
يوغان بولىدۇ. ئەركىكىنىڭ قوساق
قىسمىنىڭ 3-، 4-بوغۇمى قىسمەن
قىزىل بولىدۇ. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 26
مىللىمېتىر، قانات كېرىمىسى 35 مىللى-
مېتىرچە بولىدۇ (13-رەسىم).


13-رەسىم قىزىل بەل لاي ھەرىسى

يېتىلگەنلىرى دەرەخقە، ئامىلىك
يوپۇقلىرىغا، ئۆگزىنىڭ بۇلۇڭىغا لاي بىلەن ئۇزۇنچاق، سىر سىرىگە
تۇتىشىپ كەتكەن، سىلىندىر شەكىللىك ئۇۋا ياسايدۇ. ئادەتتە كۆن
كېپىنەكلىرى، پەرۋانە تۈردىكى ھاشارەتلەرنىڭ لىچىنكىسى ياكى
چىۋىن، يوپۇرماق تومۇز قۇرۇتى قاتارلىق زىيانداش ھاشارەتلەرنى
تۇتۇپ كېلىپ، لىچىنكىلىرىنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ. ئۇنى بىھوش
قىلىپ ساقلاپ، بېشىغا تۇخۇم تۇغۇپ ئۇۋىسىنى ئېتىپ قويۇپ
كېتىدۇ. لىچىنكىسى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇۋىسىغا
ئېپكىرىپ قويۇلغان قۇرۇت بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. چوكىيىپ

بىسلگەن كىسى ئەرىسىنىڭ ئاغزىنى بالاپ تىشىپ ئۇچۇپ
چىقىپ، يۇرۇلدىغا يىلداس ھاشارەتلەرنى بۇيۇپ يەيدۇ.

(3) تاغىل توپا ھەرىسى يىلگىنى سېرىق ھەرىگە
ئوخشاپ كېتىدۇ يىنى ئۇكىلۇك، ئۇتى قىسقا ھەم توغان



بولىدۇ ھالىسىك بومۇزى قانسىك
قىرغىقىغا بىپىس ھاردۇ. ئەركىگە-
نىك قوساق ئىسىمىسىك 2-، 4-
بوغۇمىدا ساغۇچ كەك يوللۇق بىزىق
بولىدۇ. تىسىسىك ئۇزۇنلۇغى 20~24

ىللىمىسىر بولىدۇ (14-رەسىم). 14-رەسىم تاغىل توپا ھەرىسى

ئىسلگەنلىرى ياھارىسى يىتىك-چاقىلاپ كىلىدۇ، يەرگە بىر
مىسىر چوڭقۇرلاپ كىرەلەيدۇ، تېز ھەركەتلىنەلەيدۇ ھەمدە
توپ-توغرا ماي قوڭغۇزىسىك لىچىنكىسى بار نەرەيگە تىلگىرلە-
لىيەلەيدۇ. ماي قوڭغۇزىسىك لىچىنكىسىغا يېقىنلاشقاندا، يەشىدە-
رىسى ئۇيىك يىنىغا وە قوساق تەرىپىدىكى بىروا ئۆگىلىرىگە
سانجىپ، ئۇنى بېھۇش قىلىدۇ، ئۇخۇم تۇغۇسىنى بۇرۇن توپە-
نىك بىچىدە بىر ئۇۋا ياساپ، ماي قوڭغۇزىسىك لىچىنكىسىنى
ئۇنىڭغا ئېلىپ كىرىپ، ئۇنىڭ بىنىگە ئۇخۇم تۇغىدۇ، ئادەتتە
50 تال ئۇخۇم تۇغىدۇ. تەخمىنەن 5 كۈندىن كېيىن، لىچىنكىسى
ماي قوڭغۇزىسىك تېنىنى تېشىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئوزۇق-
لىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇنىڭ بىنىدە ئۆتكۈزىدۇ. تەخمىنەن
10 كۈندىن كېيىن لىچىنكىسى قېرىپ، كارتون قەغەز شەكلىدە

غوزەك ھاسىل قىلىدۇ. لىچىنكا ئاشۇ غوزەك ئىچىدە بىرقانچە كۈندىن بىرقانچە ئايغىچە ئۇخلاب، ئاندىن قوحاقتا ئايلىنىدۇ. يېتىلگەندىن كېيىن، يەنىلا غوزەك ئىچىدە تۇرىدۇ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا يۇمۇلاق تۆشۈك ئېچىپ چىقىپ كېتىدۇ. نەخمىنەن بىر سائەت ئىچىدە بىر مېتىر چوڭقۇر يەردىن ئۆمىلەپ چىقىپ چىچەك سىرتىسى بار جايلارغا ئۇچۇپ بېرىپ ئوزۇقلىنىدۇ، شۇڭا ئورمان، باغ ۋە ئېتىزلارغا پىلانلىق ھالدا تۇركۈمگە بۆلۈپ بىدە، قىچا قاتارلىق شىرنىلىق زىرائەتلەرنى تېرىپ تويپا ھەرىسىنى جەلپ قىلىپ كۆپەيتكەندە، ماي قوڭغۇزىنىڭ لىچىنكىسىنى يوقاتقىلى بولىدۇ.

**(4) تۆكلۈك قارا ھەرە** يېتىلگىنى قارا بولىدۇ. كۆك، نىل رەڭ، كۆكۈش. قىزغۇچلىرىمۇ بولىدۇ، پاقىراپ تۇرىدۇ. بېشى، كۆكرەك قىسمى بوغان بولىدۇ، قوسىقىنىڭ ئۇچى يوغان، فاياقسىمان بولىدۇ، قوسىقىنىڭ 1 ـ ، 2 ـ بوغۇمىنىڭ ئاخىرقى قىرغىقىدا ئۇزۇنىراق سېرىق بولىدۇ. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 16~19 مىللىمېتىر بولىدۇ (15 ـ رەسىم).



15 ـ رەسىم تۆكلۈك قارا ھەرە

يېتىلگىنى تاشقا، دەرەخ قوۋزىقىغا لايدىن شارسىمان باكى يېرىم شارسىمان قاتتىق ئۇۋا ياسايدۇ، ئۇۋىسىدا بانداش بىرقانچە بۆلمە بولىدۇ. ئۇۋىسىنى ياساپ بولغاندىن كېيىن،

تۇتۇپ كەلگەن پەرۋانە، كۆن كېپىنىگى لىچىنكىلىرىنى سەۋش قىلىپ، شۇنىڭ ئىچىدە ساقلايدۇ، ئاندىن كېيىن. بارازىت خوجايىنىنىڭ تېنىگە تۇخۇم تۇغۇپ ئاغزىنى ئېتىۋېتىپ چىقىپ كېتىدۇ. لىچىنكىسى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن، ساقلىنىۋاتقان لىچىنكا بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، يېتىلگەندىن كېيىن ئۇۋىسىنى بالاپ تېشىپ چىقىپ ئۇچۇپ كېتىدۇ.

**(5) قىزىل قاناتلىق ھەرە** يېتىلگىنىنىڭ تېنى قارامتۇل بولۇپ، قوساق قىسمىنىڭ 2 ـ ، 3 ـ ، 4 ـ بوغۇملىرىدا بىر جۈپتىن سېرىق سىزىق داغ بولىدۇ. قانىتى توق قىزىل، قانىتىنىڭ قىرغىقىنىڭ رەڭگى تۇتۇق بولىدۇ. بېشىدا، كۆكرىكىدە، قوسىقىدا قويۇق تۈك بولىدۇ. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 16~21 ملىمېتىر بولىدۇ (16 ـ رەسىم).



16 ـ رەسىم قىزىل قاناتلىق ھەرە

يېتىلگەنلىرى كۈندۈزى ھەرىكەتلىنىدۇ. ئادەتتە يەر بېغىرلاپ پەس ئۇچۇپ، پەرۋانە، كۆن كېپىنىگى لىچىنكىلىرىنى تۇتۇپ ئۆزىگە ۋە بالىسىغا ئوزۇق قىلىدۇ.

**(6) ياپونىيە ھەرىسى** يېتىلگىنى قارامتۇل، ساغۇچ سىزىقلىق بولىدۇ، سېرىق ھەرىگە بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۇسشۇنىكى كالپۇكى يوغان بولۇپ، تۆرتۈپ چىقىپ تۇرىدۇ. شۇڭا قاڭشالىق ھەرە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

12 مىللىمېتىرچە، ئالدىنقى قانىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 مىللىمېتىرچە بولىدۇ (17-رەسىم).



17-رەسىم ياپونىيە ھەرىسى

يېتىلگەنلىرى كۆپىنچە قۇملۇق يەرگە ئۇۋا ياسايدۇ، ياز كىرىشى بىلەنلا، بۇ ھەرە تازا كۆپىيىدۇ، كۈنگەي تەرەپتىكى قۇملۇق يەرلەردە توختىماي ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا ئۇچۇپ يۈرۈپ، چېۋىن، پاشا تۈردىكى ھاشارەتلەرنى تۇتۇپ كېلىپ، ئۇۋىسىدىكى لىچىنكىسىنى باقىدۇ، ھەر قېتىم سىرتقا چىققاندا ئۇۋىسىنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ قويۇپ، كەلگەندە ئېچىپ كىرىدۇ. ناھايىتى ئالدىراش ئۆتىدۇ.

## 6. ياچىۋەك

ياچىۋەك بۆشۈك تەۋرەتتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ تۇتۇپ ئوزۇقلىنىدىغان چوك تىپتىكى بىر خىل كۈشەندە ھاشارەت، شۇنداقلا كىشىلەرگە تونۇش بولغان پايدىلىق ھاشارەت. ھەر خىل پەرۋانە، كۈن كېپىنىكى، يوپۇرماق تومۇر قۇرۇتى، چېۋىن، فارغۇ چىرپاسكا، چېكەتكە، كۆك پىت شۇنىڭدەك ھەر خىل پەرۋانە، كۈن كېپىنىكى لىچىنكىلىرىنى تۇتۇپ يەيدۇ. ئەمما بىر بىرىنى ئۆلتۈرىدۇ. چوڭلىرى كىچىكلىرىنى، چىشىلىرى

ئەركەكلىرىنى يەۋېتىدۇ. تۇخۇم كالىلىگى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، تۇخۇم دۆۋىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ دورا ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىگى** تېنى ئۇزۇن ئىنچىكە كېلىدۇ، ئوتتۇرا تېنىكىلىرى، جۈپلىرى بولىدۇ، رەڭگى يېشىل ياكى قوڭغۇر كېلىدۇ. بېشى ئۈچ بۇرجەك بولىدۇ، ھالقىلىق ھەركەت قىلالايدۇ، كۆزى دۆرنۈپ چىقىپ تۇرىدۇ، كۆكرەك قىسمى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ئىككى يان تەرىپىدە ھەرە چىشى شەكلىدە ئۇششاق چىشلىرى بولىدۇ. ئالدى پۇتى تۇتۇشقا ئەپلىك، يوتىسى يوغان بولىدۇ قوسىغىنىڭ يان تەرىپىدە يېرىقى بولۇپ، غىلاپ شەكلىسى ھاسىل قىلىدۇ، يېرىغىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر رەت تىكىنى بولىدۇ. ياپالچىمەك ئىچى تەرىپىدە ئۇششاق تىكىسى بولۇپ، قورۇلغان چاغدا، يېرىغىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ، بۇ جۈددى ئور-غاققا ئوخشاش بولۇپ، باشقا زىيانداش ھاشارەت-لەرنى تۇتۇشقا قولايلىق



18 ـ رەسىم ئىككى داغلىق باچۇەك

1. چىشلىگىسى 2. تۇخۇم

دۆۋىسى 3. بالىسى

بىرىدۇ. ئادەتتە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغىنى ئىككى داغلىق ياچۇۋەك بولۇپ بېتىلگىنىنىڭ نىسبىي ئۇزۇنلۇقى 50~70 مىللىمېتىر، رەڭگى يېشىل بولىدۇ. قاستىنىڭ ئوتتۇرى- سىدا ئۇچ بۇرجەكلىك ئاق داغ بولىدۇ، شۇڭا ئىككى داغلىق ياجۇۋەك دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۇخۇمىنىڭ قېپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 مىللىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، سىرتقى قەۋىتى قاتتىق بولىدۇ. ئىچىدە تۇخۇمخانىسى بولىدۇ، تۇخۇمخانىسى ئۇزۇنىغا ئىككى رەت بولۇپ، ھەر بىر تۇخۇمخانىسىدا بىردىن تۇخۇم بولىدۇ (18 ـ رەسىم).

**ياشاش ئادىتى** ئىككى داغلىق ياچۇۋەك ھەر يىلى بىر ئەۋلات قالدۇرىدۇ. تۇخۇم ھالىتىدە قىشتىن ئۆتىدۇ. كېيىنكى يىلى 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى، 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا تۇخۇمىدىن لىچىنكىسى چىقىپ، تۇخۇمىنىڭ قېپى ئۈستىدە بىرەك ئارقىلىق ساڭگىلاپ تۇرىدۇ، شامالنىڭ ياردىمى بىلەن تارقىلىدۇ. ئۇنداق يىپەك لىچىنكىنىڭ قوسىقىدىن ئاجرىلىپ چىقىدۇ. لىچىنكا يىپەككە ئېسىلىپ شامالدا تەۋرىنىپ تۇرىدۇ، باشقا دەرەخلەر- نىڭ شېخىغا يېقىنلاشقاندا يىپەكتىن ئاجراپ، ئەركىن ھەرىكەت قىلىدۇ. تۇخۇمىدىن دەسلەپ چىققان لىچىنكىسى تېتىك بولۇپ، سەكرەپ ئوينايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنلا، زىيانداش ھاشارەتلەرنى كۆپلەپ تۇتۇپ يەيدۇ. ئادەتتە 5 قېتىم تۈلەپ يېتىلىدۇ، ئوزۇقا ئىنتىلىدۇ. كۈندۈزى ھەرىكەتلىنىپ، سۆگەت پەرۋانىسى، چوكا تېرەك پەرۋانىسى، يوپۇرماق قوڭغۇزى، غوزا قۇرۇتى قاتارلىق

كۆپ خىل ىستىلگەن زىيانداش ھاشارەتمى ۋە لىچىنكىلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. 1973 ـ يىلى سۈيىبىك ناھىيىسىدە ئىلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، يىتىلگىنى ھەر كۈنى پاۋتۇك دەرىخىدە بولىدىغان كۆلرەك چوك پەرۋانىنىڭ قېرىغان لىچىنكىسىدىن 5 نى تۇتۇپ يەيدىكەن. ىپتىلگىنمۇ، بالىسىمۇ ئاخشىمى ئوزۇقلانمايدىكەن، ھەركەتمۇ قىلمايدىكەن. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا جۈپلىشىدىكەن، جۈپلىشىپ بولغاندىن كېيىن، چىشىسى ئەركىگىنى يەۋېتىدىكەن. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە دەرەخ غولىغا ۋە شېخىغا توپ ـ توپ قىلىپ تۇخۇم تۇغىدىكەن. ئاۋۋال تۇخۇمغانىسىچا بېپىشقاق ماددا چىقىرىپ، ئاندىن تۇخۇمخانىسىنىڭ ھەر بىر بۆلىمىگە بىردىن رەتلىك تىزىپ تۇغىدىكەن. پۈتۈن ئۆمرىدە 4~5 دۆۋە تۇخۇم تۇغىدىكەن. تۇخۇمىسىك قىپى قاتتىق ھەم تۇخنا بولىدىكەن، ئۇ تۇخۇمنى ساقلايدىكەن. گەرچە شۈنداق بولسىمۇ، ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدا يەنىلا ھەر خىل يارازىت ھەرىلەرنىڭ پارازىتلىشىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. تۇخۇم قىپىدا يەيدا بولغان تۇرغۇن كىچىك تۆشۈكلەر يارازىت ھەرىنىڭ چىققان تۆشۈكى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر خىل قارا مىتە لىچىنكىسى بولۇپ، ئۇ ئۆيدە ساقلىنىۋاتقان تۇخۇم قىپىنىڭ ئىچىدىكى تۇخۇمنى يەپ كېتىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** بالىلارغا باچىۋەكنى تۇتماسلىق، تۇخۇمىنى بۇزۇۋەتمەسلىك توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك.

www.uyghurkitap.com

قىش پەسلىدە ئاممىنى ھەركەتلەندۈرۈپ، ياچىۋەك تۇخۇمىنى كۆپلەپ يىغىپ، ئۇنى ئاسراپ قىشتىن چىقىرىپ، كېيىنكى يىلى باھاردا مېۋىلىك دەرەخنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويۇش كېرەك. بالىسى تۇخۇمىدىن چىقىپلا زىيانداش ھاشارەتنى تۇتۇپ يەيدۇ.

## 7. ياچىۋەك باشلىق ئالتۇن كۆز

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى** يېتىلگىنىنىڭ تېنى ئوتتۇراھال بولىدۇ، ئالدى پۇتى تۇتۇشقا ئەپلىك بولۇپ، ياچىۋەكنىڭ پۇتىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بېشى قىسقا ھەم كەڭ، ئالدى پۇتى ئۇزۇن بولىدۇ. ئالدى قانىتى بىلەن ئارقا قانىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ، تار، ئۇزۇن بولىدۇ، تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8~14 مىللىمېتىر بولىدۇ. قانات كېرىمىسى 20~28 مىللىمېتىر بولىدۇ (19-رەسىم). تۇخۇمى ئاق ياكى قىزىل بولۇپ، قىسقا ساپ ئۈستىگە تۇغىدۇ. تۇخۇم سېپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تۇخۇمىنىڭ ئۇزۇنلۇقىدەك ئىككى ھەسسە كېلىدۇ. ئادەتتە تۇخۇمى دۆۋە-دۆۋە بولىدۇ. بىر باشلىق لىچىنكىسى كۈيە شەكلىدە بولۇپ، نېتىكلىك بىلەن ھەركەتلىنىدۇ، ئىككى ياشتىن كېيىن پۇتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن سازاڭ شەكلىگە كىرىدۇ.



9-رەسىم ياچىۋەك باشلىق ئالتۇن كۆز

**ياشاش ئادىتى** يېتىلگىنىنىڭ ئادىتى ياچېۋەكىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. بىر ياشلىق لىچىنكىسى باشقا زىيانداش ھاشارەتلەرنى ماھىرلىق بىلەن تۇتۇپ يەيدۇ. بىرەر مۇۋاپىق يىمەكلىك، مەسىلەن، ئۆمۈچۈك تۇخۇمىنىڭ خالتىسى ياكى سىبىرىق ھەرە ئۇۋىسى قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆرگەن ھامان ئېتىلىپ بېرىپ يەيدۇ. لىچىنكىسى قىرىلغاندىن كېيىن، ئاخىرقى كىچىك لىچىنكا قىپىي ئىچىدە عوزەك توقۇپ قوچاققا ئايلىنىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** يېتىلگىنى چىقىدىغان چاغدا، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلماسلىق كېرەك. باشقا زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋە ئۇنى يوقىتىدىغان چاغدا، 666، DDT قاتارلىق ئۆلتۈرۈش دائىرىسى كەڭرى دورىلارنى ئىشلەتمەي، ياچېۋەك باشلىق ئالتۇن كۆزنى ۋە ئۇنىڭ لىچىنكىسىنى ئاسراش كېرەك.

## 8. يىلان باشلىق ئالتۇن كۆز

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى** تېنى 10~20 ميللىمېتىر، كۆكرىكى خۇددى بوينىغا ئوخشاش ئىنچىكە بولۇپ، جەبدەسلىك بىلەن ھەركەت قىلالايدۇ، بېشى يىلانىڭ بېشىغا ئوخشايدۇ. شۇڭا يىلان باشلىق ئالتۇن كۆز دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر تۆگىنىڭ بوينىغا ئوخشىتىپ، تۆگە بويۇن ئالتۇن كۆز دەپمۇ ئاتايدۇ. ئاغزى عاجىلىغۇچى ئېغىز بولۇپ، ئالدى

www.uyghurkitap.com

نەرەپكە جەقىپ تۇرىدۇ، ئۈستۈنكى ئىڭىكى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ. ئامبۇرغا ئوخشايدۇ، ئاستىنقى ئىڭىكمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، تۇتۇپ ئوزۇقلىنىشقا ئەپلىك. قانىتى پەردە ماددىلىق بولۇپ، جىم تۇرغاندا ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە ئوخشايدۇ. پۇتى ئىنچىكە، ئۇزۇن بولۇپ، مېڭىشقا ئەپلىك (20-رەسىم).



20-رەسىم يىلان باشلىق ئالتۇن كۆز

**ياشاش ئادىتى** يېتىلگىنىمۇ، لىچىنكىسىمۇ ناھايىتى ئېتىك بولۇپ، زىيانداش ھاشارەتلەرنى بەك ئاسان تۇتۇۋالىدۇ. ئورمانلىقتا ھەمىشە دەرەخ غولىنىڭ قوۋزىقى ئاستىدىكى ھاشارەت تۇخۇمىنى ئىزلەپ يەيدۇ ھەمدە ئۇششاق پوسلاقچىلار قاتارلىق دەرەخ غولىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ھاشارەتلەرنىڭ تۇخۇمىنى، لىچىنكىسىنى، قونچىقىنى، يېتىلگەنلىرىنى تۇتۇپ يەيدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** ياپچۇق باشلىق ئالتۇن كۆزگە ئوخشاش.

## 9. ئۇزۇن بۇرۇتلۇق ئالتۇن كۆز

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى** يېتىلگىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 23 مىللىمېتىر، قانات كېرىمىسى 70~80 مىللىمېتىر بولىدۇ. سەزگۈ بۇرۇتى يىپسىمان بولۇپ، ئۇچى توخماق شەكلىنى

هاسىل قىلىدۇ. لىچىنكىسىنىڭ تېنىدە تەڭگىچە تۈك بولۇپ ئۈستۈنكى ئىڭەكى كۈچلۈك ھەم ئۆتكۈر بولىدۇ. ئۇچى ئەگمەچ بولۇپ، چىشقا ئوخشاش بۆرتۈپ چىقىپ تۇرىدۇ (21 ـ رەسىم).



21 ـ رەسىم ئۇزۇن بۇرۇتلۇق ئالتۇن كۆزنىڭ لىچىنكىسى

**ياشاش ئادىتى** يېتىلگىنى كۆز پەسلىدە پەيدا بولىدۇ، ئاستا ئۇچىدۇ، كۈندۈزىمۇ، كېچىسىمۇ ئۇچۇپ يۈرۈپ، ئۇششاق ھاشارەتلەرنى تۇتۇپ يەيدۇ. ئۆسۈملۈكنىڭ غولىغا تۇخۇم تۇغىدۇ، لىچىنكىسى ئۆسۈملۈكتىن ياكى يەردىكى غازاك ئاستىدىن ياكى تاش ئاستىدىن ئۇششاق ھاشارەتلەرنى تۇتۇپ يەيدۇ. لىچىنكىسى قېرىغاندىن كېيىن يىپەك عوزەك ئىچىدە قوچاققا ئايلىنىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** ياچىۋەك باشلىق ئالتۇن كۆزگە ئوخشاش.

## 10. توزاڭ قاناتلىق ئالتۇن كۆز

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىگى** يېتىلگەنلىرىنىڭ جۇعسى ناھايىتى كىچىك بولۇپ، قانات كېرىمىسى 3~10 مىللىمېتىر بولىدۇ. تېنىمۇ، قانىتىمۇ ئاق رەڭلىك مۇملۇق توزاڭ بىلەن قاپلانغان بولىدۇ، سەزگۈ بۇرۇتى مارجانسىمان بولىدۇ. ئالدىنقى

www.uyghurkitap.com

قانىتى بىلەن ئارقا قانىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەمما ئارقا قانىتى كىچىكرەك بولىدۇ، قانىتىنىڭ تومۇرى بەك ئاز بولۇپ، قىرغاقتا بارغاندا شاخلىمايدۇ. لىچىنكىسى ياپىلاقراق يۇمۇلاق بولىدۇ، ئىككى ئۇچى ئۇچلۇق بولۇپ، ئۈستۈنكى ئىڭىگى بىلەن تۆۋەنكى ئىڭىگى بىرلىشىپ تۇمشۇغىنى ھاسىل قىلىدۇ، كالپۇگىنىڭ تۈۋى ۋە تۆۋەن كالپۇگى بىلەن ئۆرلىشىپ تۇرىدۇ (22 ـ رەسىم).


1 2

22 ـ رەسىم توزاڭ قاناتلىق ئالتۇن كۆز

1 ـ يېتىلگىنى 2 ـ لىچىنكىسى

**ياشاش ئادىتى** يېتىلگىنى 4 ـ ، 5 ـ ئايلاردا ۋە 8 ـ ئايلاردا پەيدا بولىدۇ، كېۋەز پىتى، نەشپۈت پىتى، شاپتۇل پىتى كۆپ يەرلەردە يۈرىدۇ. يېتىلگىنىمۇ، لىچىنكىسىمۇ كۆك پىت، توزاڭ پىتى، قاسراقلىق قۇرۇت، قىزىل ئۆمۈچۈك قاتارلىق ئۇششاق ھاشارەتلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ تۇخۇملىرىنى يەيدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** ياچۈەك باشلىق ئالتۇن كۆزگە ئوخشاش.

## 11. ماگدامچى قوڭغۇز

بۇنىڭ تۈرى خېلى كۆپ بولۇپ، چوڭ ـ كىچىكلىكىمۇ بىر خىل بولمايدۇ، رەڭگىمۇ تولا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ھەر خىل

زىيانداش ھاشارەتلەرنى تۇتۇپ يەيدۇ. بۇ ئۇزۇقلىنىش مىقدارى ناھايىتى چوڭ بولغان بىر خىل مۇھىم پايدىلىق ھاشارەت بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىگى** بېشى كۆكرىگىدىن تار بولىدۇ. ئاغزى ئالدى تەرەپكە جىقىپ تۇرىدۇ. ياسىغا زىيانداش ھاشارەتلەرنى تۇتۇپ يەيدۇ. ئادەتتە تېنى قارا ياكى قوڭۇر بولۇپ، پارقىراپ تۇرىدۇ. ئاز ساندىكىلىرىنىڭ تېنى يېشىل ياكى ساغۇچ يېشىل بولىدۇ. ئايىغى تىپتىك بولۇپ، حاققان ماڭىدىغانلىغى ئۈچۈن، ماڭدامچى قوڭغۇز دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق ئىككى تۈرى كۆپرەك ئۇچرايدۇ: تەن تۈزۈلۈشى بويىچە ئايرىغاندا، ئۇلار مۇنۇلار:

چىپار ماڭدامچى قوڭغۇز: يېتىلگىنىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 29~40 مىللىمېتىر بولىدۇ، رەڭگى قارا قوڭغۇر بولۇپ، مىنالدەك پارقىراپ تۇرىدۇ. بېشىدا، دۈلىسىدا، قاتتىق قانىتىدا قوڭۇر داغ بولىدۇ، قاتتىق قانىتىنىڭ ھەر بىرىدە ئۇزۇنىسىغا كەتكەن جوكراق 3 تال سىزىق بولىدۇ. تۇخۇمى يۇمۇلاق، ئاق بولىدۇ. لىچىنكىسى كىچىك ۋاقتىدا بوز قوڭۇر بولۇپ، كېيىن قارىيىدۇ، ئاخىردا ساغۇچ ئاق رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. كۆكرەك قىسمىنىڭ ھەر بوغۇمىنىڭ ئارقا تەرىپىدە بىردىن قارا داغ بولىدۇ. قوساق قىسمىنىڭ ئارقا تەرىپىدە 1 ـ بوغۇمىدىن 8 ـ بوغۇمىغىچە بولغان ئارىلىغىدىكى بوغان قارا داغنىڭ ئىككى تەرىپىدە ـــ بىردىن قارا داغ بولىدۇ، قاپ ـ قارا 3 جۈپ پۇتى بولىدۇ، قوساق قىسمىنىڭ 9 ـ بوغۇمى-

www.uyghurkitap.com

نىڭ ئارقا نەرپىسىدە بىر جۈپ ئاچىماق قۇيرۇق قاپارچۇغى بولىدۇ، 10-بوغۇمىدا يالىغان پۇتى بولىدۇ. فىرىغان لىچىنكىسىنىڭ تېنى 31~46 مىللىمېتىر بولىدۇ. قوچىغى ساغۇچ قوڭۇر بولىدۇ (23-رەسىم).

نامازشام ماگدام قوڭغۇزى: يېتىلگىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 14~19 مىللىمېتىر بولىدۇ، بېشى، دۈلىسى سېرىق بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا "±" شەكىللىك قارا سىزىق بولىدۇ، قاتتىق قانىتى قارا بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا بىر جۈپ سېرىق سىزىق بولىدۇ.



23-رەسىم چىپار ماگدامچى قوڭغۇز
1-يېتىلگىنى 2-لىچىنكىسى

ياشاش ئادىتى سېرىق چىپار ماگدامچى قوڭغۇز هەر يىلى بىر ئەۋلاد قالدۇرۇپ، يېتىلىپ توپا ئارىسىدا قىشلايدۇ، ئاز ساندىكىلىرى لىچىنكا هالىتىدە قىشلايدۇ. كېيىنكى يىلى 3-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا تۇپراقتىن چىقىپ هەرىكەتلىنىدۇ. 5-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 6-ئاينىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا تۇخۇم تۇغىدۇ. تۇخۇملاش مەزگىلى 4~6 كۈن بولىدۇ. لىچىنكىسى 3 ياشقا كىرىدۇ، لىچىنكا مەزگىلى 23~25 كۈن بولىدۇ، قوچاق مەزگىلى 5~8 كۈن بولىدۇ. يېتىلگىنى 2~4 يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ.

يېتىلگىنى جاققان هەرىكەت قىلىدۇ، نۇرغا ئىنتىلىدۇ، ئەمما ياخشى ئۇچالمايدۇ، كېچىسى هەرىكەتلىنىدۇ. هەر بىرى ئۆزىگە

47 دانه يىپپىشقاق قۇرۇت تۇتۇپ يەيدۇ، بۇ، ئۆزىنىڭ ئېغىرلىغىدەك 17.6 ھەسسە كېلىدۇ. ئوزۇقلىنىدىغان چاغدا، ئۇستۈنكى ئېڭىگى بىلەن لىچىنكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، پوستىنى چىشلەپ يېرىپ، ئىچىدىكى سۇيۇقلۇقىنى شورايدۇ، ئاخىردا پىپىز بىر قەۋەت پوستىنىلا قويىدۇ، بەزىدە ئازراق سۇيۇقلۇغىنى شوراپ قويۇپلا كېتىپ، باشقا لىچىنكىلارنى تۇتىدۇ. بىر نەرسىدىن ئۇركۈپ كەتكەندە، سېسىق بۇس چىقىرىدۇ ھەمدە ئاۋاز چىقىرىپ، كۆشەندىدىن مۇداپىئەلىنىدۇ. ئۇنىڭ خىمىيۋى دىخانىچىلىق دورىلىرىغا قارشى تۇرۇش كۈچى ئاجىز بولۇپ، 666، DDT چېچىلسا، كۆپ ساندىكىلىرى ئۆلىدۇ. توپا ئارىسىغا ئۇۋا ياساپ تۇخۇملايدۇ. چىشىسىنىڭ ھەر بىرى 80 نەچچە تۇخۇم تۇغىدۇ، لىچىنكىسى ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋېلىشىنى بىلىدۇ ھەمدە سېسىق بۇس چىقىرىپ ئۆزىنى قوغدايدۇ، ئۆملەيدىغان يۇمشاق تەنلىك ھاشارەتلەرنىڭ لىچىنكىلىرىنى تۇتۇپ يەيدۇ، ئەمما ئانچە كۆپ ئوزۇقلانمايدۇ، قىرىغاندا توپا ئارىسىغا كىرىپ ئۇۋا ياساپ، قوچاقنى ئايلىنىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** ماگدامچى قوڭغۇز خىمىيۋى دىخانىچىلىق دورىلىرىغا، ئومۇمەن، ئىنتايىن سەزگۈر كېلىدۇ. شۇڭا ئېتىزلاردا، باغلاردا ياكى ئورمانلىقتا ماگدامچى قوڭغۇزنىڭ پەيدا بولغانلىغى مەلۇم بولسا، خىمىيۋى دىخانىچىلىق دورىلىرىنى چاچماسلىق كېرەك.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشقەدەم تارقاتقۇچىسى

# 12. تاغىل قوڭغۇز

تاغىل قوڭغۇز چىبار قوڭغۇز دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ تولاراق يولدا تۇرىدۇ، ئادەم يېقىنلاشسا، ئالدى تەرەپكە ئۇچۇپ بىرىپ يەنە يولدا توختايدۇ، ئادەم يەنە يېقىنلاشسا، ئۇ يەنە ئالدى تەرەپكە ئۇچۇپ بىرىپ يولدا توختايدۇ، ئۇنىڭ ئادەم كەلگىچە يولدا توختاپ، يېقىنلاشقاندا ئۇچۇپ كېتىپ يەنە يولدا توختايدىغانلىقىغا ئاساسەن، ئۇ "يول توسار"، "باشلامچى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى** جۇغى ئوتتۇراھال بولۇپ، رەڭگى ئۇچۇق، تېنىمۇ، قانىتىمۇ ساغۇچ يېشىل رەڭ بىلەن قىزغۇچ سۆسۈن رەڭنىڭ قوشۇلمىسىغا ئوخشاش بولۇپ، پارقىراپ تۇرىدۇ. لىجىنكىسىنىڭ تېنى چوڭ لىچىنكىسىنىڭ تېنىگە ئوخشاش يۇمشاق بولىدۇ، 8-بوغۇمىدا قاپارتمىسى ۋە بىر جۈپ تەتۈر ئىلمىكى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تامنىڭ تۆشۈكىگە ئىلىنىپ مەزمۇت تۇرالايدۇ، ئادەتتە "تۆگە قوڭغۇز" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرى كۆپرەك ئۇچرايدۇ. يېتىلگىنىنىڭ تەن تۈزۈلۈشى مۇنداق:

قوملۇقتا ياشايدىغان تاغىل قوڭغۇز: يېتىلگىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 مىللىمېتىر، رەڭگى قارامتۇل يېشىل بولۇپ، پارقىراپ كۆكۈش كۆرۈنىدۇ. قاناتتىق قانىتىنىڭ تۆۋىدە ۋە ئوچىدا "C" شەكلىدە

ئاق داغ، ئوتتۇرىسىدا "S" شەكىللىك ئاق سىزىق بولىدۇ (24-رەسىمنىڭ 1-چىسى).

جۇڭخۇا تاغىل قوڭغۇزى: يېتىلگەنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 مىللىمېتىر، رەڭگى ساغۇچ يېشىل ياكى توق سۆسۈن بولىدۇ. قاتتىق قانىتى توق سۆسۈن بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا توغرىسىغا كەتكەن كەڭ ئاق سىزىق بولىدۇ، قاتتىق قانىتىنىڭ تۆۋىدە ساغۇچ ئاق سىزىق بولىدۇ. پۇتى كۆكۈش يېشىل بولىدۇ (24-رەسىمنىڭ 2-سى).



24-رەسىم تاغىل قوڭغۇز
1. قۇملۇقتا ياشايدىغان تاغىل قوڭغۇز 2. جۇڭخۇا تاغىل قوڭغۇزى 3. جۇڭخۇا تاغىل قوڭغۇزىنىڭ لىچىنكىسى

**ياشاش ئادىتى** قالدۇرىدىغان ئەۋلادىنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس. ھەر يىلى 6~8-ئايلاردا ئۇنى ئالداش چىمرىغى بىلەن كۆپلەپ تۇتقىلى بولىدۇ. ئۇ كۆپىنچە دەريا لاتقىلىرىدا، قۇملۇقلاردا ۋە باغنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى نەم جايلاردا پەيدا بولىدۇ. باشقا زىيانداش ھاشارەتلەرنى تۇتۇپ يەيدۇ. يېتىلگەنلىرى ئادەتتە جىلغىلاردىكى تاش ئارىسىدا ۋە داللاردىكى يول بويلىرىدا يۈرىدۇ ياكى پەس ئۇچۇپ كىچىك قۇرۇتلارنى تېرىپ يەيدۇ. شۇڭا، "ھاشارەت قوڭغۇزى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ قورقمايدۇ، يامغۇر ياققان سوغاق كۈنلەردە تۆشۈكلەرگە كىرىپ،

تۆشۈكىنىڭ ئاغزىغا توپا دۆۋىلەپ قويىدۇ. لىچىنكىسىنىڭ تېنى يۇمشاق بولۇپ، چىۋىن قۇرۇتىغا ئوخشايدۇ. 8-بوغۇمىنىڭ دۈمبە تەرىپىدە قاپارتمىسى ۋە بىر جۈپ تەتۈر ئىلمىكى بولۇپ، ئاپە-نىڭ تۆشۈكىگە ئېسىلىپ مەزمۇت تۇرالايدۇ، ئادەتتە "تۆگە قوڭغۇزى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ كۆپىنچە قۇملۇق يەرلەردە تىك، يۇمۇلاق تۆشۈك كولاپ، شۇنىڭ ئىچىدە تۇرىدۇ. ئوزۇقلىنىدى-غان چاغدا، تۆشۈكتىن بېشىنى چىقىرىپ ئاغزىنى ئېچىپ تۇرىدۇ ۋە چۈمۈلە، كۆمۈت قاتارلىق ئۇششاق ھاشارەتلەرنى تۇتۇپ، ئۆۋىسىغا ئېپكىرىپ يەيدۇ. ئادەتتە كىچىك بالىلار ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن ئۇششاق ئوت-چۆپنى ئۇنىڭ ئۆۋىسىنىڭ ئاغزىغا تىقىپ قويىدۇ، ئۆۋىدىكى لىچىنكا ئوتنى چىشلەپ ئۈچۈن چىققاندا، ئوتنى تارتىدۇ-دە، لىچىنكا ئوتقا ئىلىنىپ چىقىدۇ. ھەر يىلى 5~9-ئايلاردا پىتىلگەنلىرى پەيدا بولىدۇ، نۇرغا ئەڭ ئىنتىلىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** ھاشارەت يىغىش ساندۇقىغا بىر-قانچە قەۋەت تاختاي ئورنىتىپ قويۇش لازىم. خىرە نۇرلۇق چىراق بىلەن ھاشارەتنى جەلپ قىلغاندا، ناغىل قوڭغۇز كىرىپ قالسا، ئۇنىڭ زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇنى دەرھال ئايرىۋېتىش لازىم.

## 13. يوشۇرۇن قاناتلىق قوڭغۇز

خېنەن ئۆلكىسىنىڭ جېكجو، شۇچاڭ قاتارلىق جايلىرىدا

كۆپرەك پەيدا بولىدۇ. يېتىلگەنلىرىنى 6 ـ ، 7 ـ ئايلاردا خىرە تۇرلۇق چىراق ئاستىدا كۆپلەپ تۇتقىلى بولىدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىگى** جۇغى كىچىك بولۇپ، تېنى ئۇزۇنچاق ياپىلاق كېلىدۇ، چۈمۈلىگە ئوخشايدۇ، بىرئاز پارقىراپ تۇرىدۇ. قاتتىق قانىتى ناھايىتى قىسقا بولۇپ، قوساق قىسمىنىڭ 1 ـ بوغۇمىنىلا ياپالايدۇ، شۇڭا يوشۇرۇن قاناتلىق قوڭغۇز دەپ ئاتىلىدۇ، رەڭگى قىزغۇچ قوڭۇر بولىدۇ، ئارقا قانىتى گەرچە خېلى چوڭ بولسىمۇ، ئالدى قانىتىنىڭ ئاستىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ. قوساق قىسمى قارا بولىدۇ، ئەركىن ھەركەت قىلالايدۇ، كەينىگە ئېگىلەلەيدۇ (25 ـ رەسىم).



25 ـ رەسىم يوشۇرۇن
قاناتلىق قوڭغۇز

**ياشاش ئادىتى** ھەر يىلى قالدۇرىدىغان ئەۋلادىنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس. يېتىلگەنلىرى ئېتىزلاردا ياكى ئورمان ئارىسىدا يۈرىدۇ، كۈندۈزى باغاج ـ تاش ئارىسىدا، دەرەخ قوۋزىقىنىڭ قېتىدا يۈرىدۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندىن تارتىپ كېچىچە ئۇچۇپ يۈرۈپ، باشقا ئۇششاق ھاشارەتلەرنى تۇتۇپ يەيدۇ، نۇرغا بەك ئىنتىلىدۇ. ھەر يىلى 5 ـ ئايدىن كېيىن، ھاشارەت چىرىغى ئاستىغا كۆپلەپ يىغىلىدۇ، بۇنى ئوبدان ئاسراش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، ھاشارەت جەلپ قىلىش ئەسۋاۋى ئىچىگە ھاشارەت

www.uyghurkitap.com

ئايرىش تاختىسى ئورنىتىپ، يوشۇرۇن قانالىق قوڭغۇزنى تېزرەك ئايرىپ، ئۇنىڭ زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ قېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

شۇچاڭ ناھىيىسىنىڭ شىچياۋ رايونىدا بىر خىل يوشۇرۇن قاناتلىق تومپاق كۆز قوڭغۇز بار. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 مىللىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، رەڭگى قارا چوڭمۇلىگە ئوخشايدۇ، تۇگۈنەك سۆگەت پاشىسىنىڭ ئۇۋىسىدا ياكى كۆتىرىلىپ قالغان قوۋزاق ئاستىدا ياشايدۇ. لىچىنكىسى شۇنىڭ ئىچىدە يۈرۈپ، تۇگۈنەك سۆگەت پاشىسىنىڭ لىچىنكىسىنى، قوچىقىنى يەيدۇ. ھەر يىلى 5-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 6-ئاينىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەتىگەنلىكى ۋە كەچقۇرۇنلۇقى كۆپلەپ قوچاقتىن چىقىپ ئورمانلىقتا ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا ئۇچۇپ يۈرىدۇ، ئادەم يولدىن ئۆتكەندە ئىتىلىپ كېلىپ يۈز-كۆزگە ئۆزىنى ئۇرىدۇ، شۇڭا كومۇت دەپ ئاتىلىدۇ، كەچقۇرۇن ۋە ئەتىگەندە ناھايىتى كۆپ بولىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** تاغىل قوڭغۇز بىلەن ئوخشاش.

## 14. ئىلمەك قۇرۇت

بۇ قىسقۇچ قۇرۇت دەپمۇ ئاتىلىدۇ، يەرنىڭ ئۈستىدە، تۇپىنىڭ ئارىسىدا كۆپ ئۇچرايدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى** تېنى ئىنچىكە، ئۇزۇن،



26 ـ رەسىم ئىلمەك قۇرۇت

بولۇپ، قوڭغۇزغا بەكمۇ ئوخشايدۇ. ئەمما قورسىقىنىڭ ئۇچىدا قىسقۇچى بولۇپ، ئۇنىڭدىن پەرقلىنىدۇ. ئەركىكىنىڭ قىسقۇچى ئىچىگە ئېگىلگەن بولۇپ، يېرىم ئايغا ئوخ- شايدۇ. ئالدى قانىتى قىسقا، ياغاچ بولۇپ، قورسىقىنىڭ يېرىمىنىمۇ ياپالمايدۇ. بەدىنى قىزغۇچ قوڭۇر بولۇپ، پارقىراپ تۇرىدۇ (26 ـ رەسىم).

**ياشاش ئادىتى** هەر يىلى قالدۇرىدىغان ئەۋلادىنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس. بىسلىگە- لىرى كېچىسى ھەرىكەتلىنىپ، كۈندۈزى توپا ئارىسىدا، تاشنىڭ ئاستىدا، دەرەخ قوۋزىقىنىڭ ئىچىدا، ئوت-چۆپ ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرىدۇ. گۆشخورلۇق خۇسۇسىيىتى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئۆسۈملۈك بىلەن ياكى چىۋىن قۇرۇتلار بىلەن، يەرنىڭ ئۈستىدە يۈرىدىغان ياشقا ئوخشاش ھاشارەتلەر بىلەن ئوزۇقلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ. چىشىسى تۇخۇمىنى توپا ئارىسىغا تۇغۇپ، خۇددى مىكيان تۇخۇم باسقاندەك، بېسىپ ياتىدۇ. باللىرى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن ئانىسىنىڭ ئەتراپىدا يۈرۈپ ياكى ئانىسىنىڭ ئاستىدا يېتىپ، ئۆزىنى قوغدايدۇ. بىر نەرسىدىن ئۈركۈپ قېچىپ كەتسە، ئانىسى ئۇلارنى تېپىپ كېلىدۇ. باللىرىنىڭ تېنى يۇمشاق، ئاق بولىدۇ. قانىتى بولمايدۇ. بەزى كىتابلاردا، بۇ ھاشارەتنى كۆپ

www.uyghurkitap.com

ئۆچىرانقىلى بولىدۇ. تېگىپ قويسىلا، قۇيرۇغىنى ئالدى تەرەپكە قىلىپ، ۋەسقۇچى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىدۇ ياكى جاقىسىق يېتىلگىنى يۇرغا ئىنتىلىدۇ. جىگجۇدا 9~10-ئايلاردا ئەڭ كۆپ پەيدا بولىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** لىچىنكىسى توپا ئارىسىدا يۈرىدۇ، بۇ ھاشارەتنى رەھەرلىنىپ قىلىشتىن ساقلاش ئۈچۈن، يۇپىراققا خىمىيىۋى دىجاجىلىق دورىلىرىنى بەك كۆپ چاچماسلىق كېرەك.

## 15. دوغداق قوڭغۇز

**تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە ئالاھىدىلىكى** جۈغى كىچىك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 4~5 مىللىمېتىر كېلىدۇ. سەرگۈ بۇرۇتى نوقمافىسمان بولىدۇ. قاتتىق قانىتىنىڭ ئاخىرقى ئۈچى قىرغۇچىلگەندەك تەكشى بولىدۇ، شۇڭا قوساق قىسمىنىڭ ئاخىرقى ئۈچى بالىكاچ تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇ دوغداق قوڭغۇز دېيىلىدۇ. قاتتىق قانىتى قارامتۇل، ساغۇچ ياكى قىزغۇچ بولىدۇ (72-رەسىم).



72-رەسىم دوغداق قوڭغۇزى

**ياشاش ئادىتى** يېتىلگىنىمۇ، لىچىنكىسىمۇ كۆپىنچە دەرەخ غولىدا يۈرۈپ، پوسىلاقخورلارنى، شۇنىڭدەك كۆك پىت، قاسراقلىق

فۇرۇتـىلارنى ۋە دەرەخ غـولـىنى تـېشـىدىـغان باشـقا بەزى
زىيانداش ھاشارەتلەرنى، ئۇلارنىڭ لىچىنكىلىرىنى، قوچاقلىرىنى
يۇتۇپ يەيدۇ. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۈستىدە ياشاپ، گۈلنىڭ ئاتىد...
...، ئانىلىقلىرىنى بەيدىغانلىرىمۇ بولىدۇ، شۇڭا ئۇ زىياندىاش
ھاشارەت بولۇپمۇ ھېساپلىنىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

# 16. شەيتان قوڭغۇزى

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىگى** بۇ كىچىك تىپتىكى قوڭ-
غۇز بولۇپ، ئۇزۇنلۇغى 1~4 مىللىمېتىر كېلىدۇ. ئولى كەكرەك،
ئەمما دىيىراي، قاتتىق بولۇپ، پارقىراپ تۇرىدۇ. قاتتىق قانىتى
قىسقىراق بولۇپ، قوساق قىسمىنىڭ ئاخىرقى ئىككى بوغۇمىنى
ياپالمايدۇ. رەڭگى كۆپىنچە قوڭۇر، قارا، قىزغۇچ قوڭۇر بولىدۇ.
ئالدى پۇتى كولىغۇچى پۇت بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، بەزى
تۈرلىرىنىڭ ئوتتۇرا پۇتى ۋە ئارقا پۇتىمۇ كولىغۇچى پۇت بولىدۇ.
سەزگۈ بۇرۇتى جەينەكسىمان بولۇپ، بولقاسىمان قىسمى ناھا-
يىتى زىچ بولىدۇ، ئادەتتە كۆكرىگىدىكى سەزگۈ بۇرۇتى ئۇۋىسى
ئىچىدە تۇرىدۇ. لىچىنكىسىنىڭ تېنى كەكرەك بولىدۇ. كۆكرەك
ياچىسى قېتىنلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. قوساق قىسمىنىڭ بوغۇم-
لىرى توغرىسىغا قورۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ، قۇيرۇغى بەرەپتە بىر
جۈپ قۇبرۇق ئوكچىسى بولىدۇ (28-رەسىمگە قاراڭ).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



28 ـ رەسىم شەيتان قوڭغۇزى

**ياشاش ئادىتى** كۆپىنچە دەرەخ قوۋ- زىغى ئاستىدا، شاخ ـ غازاڭ ئارىسىدا ۋە قىغ ئارىسىدا ياشايدۇ. چىۋىن قۇرۇتى، بۆرگە قاتارلىق تازىلىقتا زىيان يەتكۈزىدىغان ھاشارەتلەرنى ۋە دەرەخ غولىدىكى پوستـ لاقخور، پىل تۇمشۇق قوڭغۇز، ئالتۇن قوڭغۇز قاتارلىقلارنىڭ لىچىنكىسىنى، قوچىقىنى ۋە تۇخۇمىنى يەيدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## 17. ئالا قوڭغۇز

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى** رەڭگى ئوچۇق، ئاساسەن قىزىل، كۆك، قارا، يېشىل، ئاق بولىدۇ. جۈپى ئوتتۇراھال، بۇمۇلاق، سىلىندىر شەكلىدە بولىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 7~10 مىللىـ مېتىر بولىدۇ. لىچىنكىسى قىزغۇچ، بېشى ياپىلاقراق بولىدۇ. قوساق قىسمىنىڭ 9 ـ بوغۇمىدا قېتىنلىشىپ كەتكەن ئۇستىخان پىلاستىنكىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا خېلى چوڭ ئىككى ئىلمەك ئۆسۈپ چىققان بولىدۇ (29 ـ رەسىم).



29 ـ رەسىم ئالا قوڭغۇز

**ياشاش ئادىتى** يېتىلگىنى ناھايىتى تېتىك بولۇپ، كۆپىنچە

تۇتۇپ ئوزۇقلىنىش بىلەن باشلايدۇ، دائىم توپلىشىپ ئۇچۇپ زىيانداش ھاشارەتلەر بار دەرەخكە ياكى قوورۇسىغى سۆڭۈلمىغان ياغاچقا قونۇپ، زىيانداش ھاشارەتلەرنى تۇتۇپ يەيدۇ، پوسە-لاقخورىنى ياخشى كۆرۈپ يەيدۇ. لىچىنكىسىمۇ تۇتۇپ ئوزۇقلى-نىدۇ، پوسىلاقخورلارنىڭ، دەرەخكە زىيان يەتكۈزىدىغان باشقا ھاشارەتلەرنىڭ ئۆۋىسىغا باكى سىرتى ھەرىكىتى، ھەممىل ھەرد-سىنىڭ ئۆۋىسىغا كىرىۋېلىپ، دەرەخكە زىيان يەتكۈزىدىغان ھەر خىل باسقۇچىكى ھاشارەتلەرنى تۇتۇپ يەيدۇ. بەزى تۇرلىرى چېكەتكىنىڭ تۇخۇمىنى يەيدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** ئەتقىنى قىلىنغا توغرا كېلىدۇ.

# 18. يىڭناغۇچ

يىڭناغۇچ كىشىلەر دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان پايدىلىق ھاشارەت بولۇپ، كۆپ خىل زىيانداش ھاشارەتنى تۇتۇپ يەيدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىگى** شەكلى تۈرىگە قاراپ چوڭ-كىچىك بولىدۇ، ئىككى مۈرەككەپ كۆزى، 3 ئاددى كۆزى بولىدۇ، ئاغزى چاينىغۇچى ئېغىز پورمىسىدا بولىدۇ. ئالدى قانىتىمۇ، ئارقا قانىتىمۇ تار، ئۇزۇن بولۇپ، تورغا ئوخشاش تومۇرى بولىدۇ، جىم تۇرغاندا قانىتى ئىككى يان تەرىپىدە تەكشى تۇرىدۇ ياكى دۈمبىسىدە تىك تۇرىدۇ. قورسىقى ئۇزۇن،

www.uyghurkitap.com

تۈزۈرۈك شەكلىدە ياكى يەلپۈگۈچ شەكلىدە بولىدۇ. بالىسى سۇ چايىنى دەپ ئاتىلىدۇ، سۇدا ياشايدۇ، ئاستىنقى كالپۇكى ئۇزۇن كىرىپ يۈز قاسرىقى شەكلىگە ئايلىنىپ قالغان بولىدۇ. ئادەتتە يىڭناغۇچنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى خىلى كۆپرەك ئۇچرايدۇ. ياشىقى كۆرۈنۈشىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار مۇنۇلار:

چوك يىڭناغۇچ: يىتىلگىنىنىڭ تىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 مىللىمېتىرچە كېلىدۇ، قوساق قىسمىدا يېشىل ياكى كۆكۈش. قارا قوڭۇر داغ بولىدۇ، ئالدى بۆتىسىنىڭ ئىچى ئەر يەردە قارا سىزىق بولۇپ، باشقا خىلدىكىلىرىدىن ئەكلا پەرقلىنىپ تۇرىدۇ (30-رەسىمنىڭ 1-سى).




30-رەسىم يىڭناغۇچ

1. چوك يىكناغۇچ 2. تاغىل يىكناغۇچ 3. تاغىل يىڭناغۇچنىڭ قوسىقىنىڭ ئاخىرقى ئۇچى 4. چوك يىكناغۇچنىڭ بالىسى

تاغىل يىكناغۇچ: يىتىلگىنىنىڭ تېنى ئىنچىكە، ئۇزۇن بولۇپ. 28 مىللىمېتىر كېلىدۇ، رەڭگى يېشىل بولىدۇ. بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىدە "T" شەكىللىك قارا سىزىق بولىدۇ، قوسىقىدا ئۇزۇنغۇنىلىغان سېرىق سىزىق بولىدۇ، قوسىقىنىڭ ئالدى تەرىپى ئىنچىكە بولىدۇ (30-رەسىمنىڭ 2-، 3-سى).

**ياشاش ئادىتى** يىتىلگىنى ناھايىتى تېتىك بولۇپ، ئادەتتە

ناز بىلەن كۆز ئالمىشىدىغان مەزگىللەردىكى ئىسسىق، تىنچىق
كۆللەردە كەچ كىرىشكە يېقىن، يامغۇر يېغىشتىن بۇرۇن، ئېتىز-
لاردا، سۇ بويلىرىدا توپلىشىپ پەس ئۇچۇپ، كۆن كېپىنىكى،
پەرۋانە، پاشا، چىۋىن قاتارلىق زىياندىش ھاشارەتلەرنى تۇتۇپ
يەيدۇ. تۇخۇملايدىغان چاغدا سۇ يۈزىدە ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا
ئۇچۇپ يۈرىدۇ ۋە قۇيرۇقىنى سۇغا تەككۈزۈپ، سۇغا تۇغىدۇ.
تۇخۇمىدىن كىچىك بالىسى چىقىدۇ، بۇ سۇ جايىنى دەپ ئاتى-
لىدۇ، سۇدا ياشايدۇ، قېرىغاندىن كېيىن سۇنىڭ ئىچىدىكى
ئوت-چۆپلەرگە ئۆرلەپ، دۈمبىسىدىكى قېپىنى يېرىپ، يېتى-
لىپ چىقىپ ، ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرىدىغان بولىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** بالىلارغا سىڭناغۇچىنى تۇتۇپ
زەخىملەندۈرمەسلىك توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك.

## 19. ھاشارەت يەيدىغان چىرپاشكا

ھاشارەت يەيدىغان چىرپاشكا ئۆۋچى چىرپاشكا دەپمۇ ئاتى-
لىدۇ. بۇنىڭ تۈرى خېلى كۆپ بولۇپ، دۆلىتىمىزدە 2 مىڭ
خىلدىن كۆپرەك تۈرى بارلىقى ئېنىقلاندى. يۇمشاق تەنلىك
ھەر خىل زىيانداش ھاشارەتلەرنى، مەسىلەن، پەرۋانە، كۆن
كېپىنىكى قاتارلىقلارنىڭ لىچىنكىسىنى شوراپ يەيدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى** تېنىنىڭ شەكلى ئادەتتىكى
باشقا زىيانسىز چىرپاشكىلاردىن روشەن پەرق قىلمايدۇ. ئەمما

زىيانلىق چىرپاشكىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سېسىق پۇرىقى بولىدۇ، ھاشارەت يەيدىغان چىرپاشكىنىڭ سېسىق پۇرىقى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ھاشارەت يەيدىغان چىرپاشكىنىڭ تۇمشۇقى فاتتىق بولىدۇ، تۇمشۇقىنىڭ تۆۋى ئالدى تەرەپكە سوزۇلۇپ چىققان بولۇپ، ئۇچى ئىلمەكتەك ئېگىلىپ تۇرىدۇ، زاڭغىغا چاپلىشىپ تۇرمايدۇ، زىيانلىق چىرپاشكىنىڭ تۇمشۇقى بولسا چوققىسىدىنلا تۆۋەن تەرەپكە قاراپ چىققان بولۇپ، زاڭغىغا چاپلىشىپ تۇرىدۇ ۋە بىۋاسىتە ھالدا تېنىنىڭ ئارقا تەرىپىگە قاراپ سوزۇلغان بولىدۇ. ئىلمەكسىمان بولمايدۇ. ھاشارەت يەيدىغان چىرپاشكىنىڭ ئادەتتە كۆپرەك ئۇچرايدىغىنى تۆۋەندىكى 3 خىلدىن ئىبارەت:

دالا ئوۋ چىرپاشكىسى: يېتىلگىنىنىڭ تېنى ساغۇچ، قوڭۇر بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 7～8 مىللىمېتىر كېلىدۇ، تېنى ئىنچىكە، بېشى ئۇچلۇق بولىدۇ، چوققىسىدا ئۇزۇنىغا كەتكەن قارا سىزىق بولىدۇ، مۈرەككەپ كۆزى تۇتۇق قوڭۇر بولىدۇ (31－رەسىمنىڭ 2－سى).

ھاشارەت يەيدىغان يوغان قوساق چىرپاشكا: يېتىلگىنىنىڭ رەڭگى قارا قوڭۇر، قوسىقى يوغان بولىدۇ، قانىتى قىسقا بولۇپ، قوسىقىنىڭ يېرىمىنى ئاران ياپالايدۇ. ئۇزۇنلۇقى 10 مىللىمېتىرچە بولىدۇ (31－رەسىمنىڭ 3－سى).

ئوۋچى چىرپاشكا: قوسىقى كەڭرەك، رەڭگى قارا بولىدۇ. تۇمشۇقى ياي شەكلىدە ئېگىلگەن بولىدۇ، كۆكرىكىگە چاپلى-

شىپ تۇرمايدۇ (31 ـ رەسىمنىڭ 1 ـ سى).



31 ـ رەسىم ھاشارەت يەيدىغان چىرباشكا

1. ئوۋچى چىرباشكا 2. دالا ئوۋ چىرباشكىسى 3. ھاشارەت يەيدىغان يوغان قوساق چىرباشكا

ياشاش ئادىتى تۇرمۇشىنىڭ دائىرىسى باھابىنى كەڭرى بولۇپ، يېتىلگەنلىرىمۇ، بالىلىرىمۇ يوپۇرماق قۇرۇتى، قىرسلجا پەرۋانىسى، غوزا قۇرۇتى، يۇرجاق قۇرۇتى قاتارلىق كۆپ خىل يۇمشاق تەنلىك زىيانداش ھاشارەتلەرنى تۇتۇپ يەيدۇ، ئادەتتە زىرائەت ئۈستىدە، مېۋىلىك دەرەخ، ئورمان قاتارلىق ئۆسۈمە- لۈكلەرنىڭ يوپۇرمىقى ياكى قوۋزىقى ئاستىدا بولىدۇ، زىيانداش ھاشارەتلەرگە بولۇقان چاغدا، يىڭنىسىمان ئاغزىنى زىيانداش ھاشارەتنىڭ تېنىگە سانچىپ، ئۇنىڭ تېنىدىكى ئوزۇقلۇقنى شوراپ، ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ. قىش پەسلىدە كۆپىنچە دەرەخ قوۋزىقى ئاستىدا ياكى يىپىنجا ئۆسۈملۈكلەر ئاستىدا توپلىشىپ يوشۇرۇن ھالەتتە قىشلايدۇ.

www.uyghurkitap.com

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** چەتئەللەرنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، 1972 ـ يىلى ئامېرىكا بىر خىل فىزىئولوگ ئۆزۈن ئۇۋچى چىرپاشـ كىنى قوي يېمى بىلەن بېقىپ، ھەر ھەپتىدە 7000 نى تۇغدۇرـ غان. ئەگەر بېقىپ كۆپەيتىلگەن ئۇۋچى چىرپاشكىنى ئېتىزغا قويۇپ بېرىش بىلەن زىيانداش ھاشارەت يوقىتىلىدىغان بولسا، بۇمۇ زىيانداش ھاشارەتنى يوقىتىشتىكى ئەڭ ياخشى چارىسى ھېسابلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ھاشارەت بەدىنىدىكى چىرپاشكىمۇ خىمىيىۋى دورىغا قارىتا ناھايىتى سەزگۈر كېلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىش ئىمكانىيىتى ئۈچۈن، دورا چاچقاندا ئاسراشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

## 20. قوڭغۇر قاناتلىق چىرپاشكا

بۇ خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ھەممە يېرىگە نارقالغان، ئۇنىڭ يېتىلگىنىمۇ، بالىلىرىمۇ ھەر خىل زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ تېنىدىكى سۇيۇقلۇقىنى شوراپ يەيدىغان بىر خىل پايدىلىق ھاشارەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۇ ئەينى ۋاقىتتا، بەشپۇتـ نىڭ، ئالمىنىڭ مۆشىسىگە ۋە زىرائەتكىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ، شۇڭا ئۇ بىر خىل زىيانداق ھاشارەت بولۇيمۇ ھېسابلىنىدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى** يېتىلگىنىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 16~18 مىللىمېتىر، رەڭگى قارامتۇل قوڭغۇر بولۇپ، كۆكۈش

قوڭۇر رەڭلىك قوڭۇق دېغى بولىدۇ. بېشى ئۇزۇنچاق چاسا بولۇپ، ئالدى تەرەپكە چىقىپ تۇرىدۇ. كۆكرىگىنىڭ ئالدى قىرغىقىغا يېقىن يېرىدە 4 دانە ساغۇچ قوڭۇر داغ بولىدۇ. كىچىك قالقان-سىمان پىلاستىنكىسىنىڭ ئالدى قىرغىقىغا يېقىن ئىككى ئۇچىدا 2 دانە سىرىق داغ بولىدۇ. ئالدى قانىتى پەردىلىك بولۇپ، رەڭگى سېرىق بولىدۇ. تۇخۇمى ئاقۇش بوز بولۇپ، قىسقا سىلىندىر شەكلىدە بولىدۇ، ئادەتتە 10 نەچچە تۇخۇ-مىنى بىر يەرگە تەكشى تىزىپ تۇغىدۇ. بالىلىرىنىڭ دۈمبىسىدە بىرقانچە داغ بولىدۇ (32 ـ رەسىم).



32 ـ رەسىم قوڭۇر قاناتلىق چىرپاشكا

**ياشاش ئادىتى** ھەر يىلى بىر ئەۋلات قالدۇرىدۇ، يېتىلگەن-لىرى ئۆينىڭ بۇلۇڭى، ئوت ـ چۆپ دۆۋىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا قىشلايدۇ. كېيىنكى يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۇچۇشقا باشلاپ، 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە شۇنداق ياشايدۇ. بۇ مەزگىللەردە بېكى چىققان يوپۇرماقنى شوراپ ئوزۇقلىنىدۇ. 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۈپلىشىپ تۇخۇم تۇغىدۇ، كۆپىنچە، يوپۇرماقنىڭ ئارقا يۈزىگە رومبا شەكىللىك قىلىپ ياكى رەتسىز تىزىپ تۇغىدۇ، ھەر بىر تۇخۇم مونىكىدە 16~20 تۇخۇمى بولىدۇ. تۇخۇم مەزگىلى 2~10 كۈن بولىدۇ. 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بالىلىرى كۆپلەپ تۇخۇمدىن چىقىدۇ. 4 قېتىم تولەپ يېتىلىدۇ. يېتىلگەنلىرىمۇ، بالىلىرىمۇ ھەممىسى يىڭنىسىمان تۇمشۇغىنى پەرۋانە، كۈن كېپىنىڭگى لىچىن-

كىسىنىڭ قوچىقىغا ياكى يېتىلگەنلىرىنىڭ تېنىگە سانجىپ، ئۇنىڭدىكى سۈيۈقلۇقنى شورايدۇ. بۇنىڭ بىلەن زىيانداش ھاشارەت قورۇلۇپ ئۆلىدۇ، ئۇ يەنە چىرپاشكا، يوپۇرماق قوڭغۇزى قاتارلىق زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ تېنىدىكى سۈيۈقلۇقىنىمۇ شوراپ يەيدۇ.

يېتىلگەنلىرىمۇ، باللىرىمۇ زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ تېنىدىكى سۈيۈقلۇقنى شوراش بىلەنلا قالماي، پاۋتۇك، جۇلۇك قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ نوتىلىرىنى، نەشپۈت ۋە ئالمىنىڭ غورىلىرىنىمۇ شوراپ، مېۋىسىنى غەيرى تەبئى شەكىلگە كىرگۈزۈپ قويىدۇ. شۇڭا ئۇ ئورمانغا، مېۋىلىك دەرەخقە زىيان يەتكۈزىدىغان ئاساسلىق زىيانداش ھاشارەت ھېساپلىنىدۇ. كۈزنىڭ ئاخىرلىرى يەنى 11-ئايلاردا ئۆيىنىڭ بۇلۇڭى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يوشۇرۇن جايلارغا ئۇچۇپ كېلىپ توپلىشىپ قىشلايدۇ ھەمدە سېسىق پۇراق چىقىرىپ، تازىلىققا دەخلى يەتكۈزىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، كۆچەتلىك ۋە ئورمانلىقلاردا بۇنىڭ زىيىنىدىن كۆرە پايدىسى كۆپ ئىكەن. شۇڭا ئاسراشقا دىققەت قىلىپ، ئۇنىڭ دېخانچىلىق دورىلىرىنى قالايمىقان ئىشلىتىش بىلەن ئۆلۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش لازىم. ئەمما باغلاردا بولسا ئۇنىڭ پايدىسىدىن كۆرە زىيىنى كۆپ بولىدۇ، كۈزنىڭ ئاخىرلىرىدا، يەنى ئۇ ئۇچەككە كىرگەن مەزگىلدە، ئۇنى توپلىشىپ قىشلاش ئادىتىدىن پايدىلىنىپ تۇتۇپ، باغدىن يىراق جايلاردىكى

www.uyghurkitap.com

كۆچەتلىك باكى ئورمانچىلىق رايونىغا يۆتكەپ قىشتىن ئامان-ئېسەن ئۆتكۈزۈپ. كېيىنكى يىلى باھاردا قوزۇپ بەرسەمۇ بولىدۇ.

## 21. گۈللۈك چىرپاشكا

گۈللۈك چىرپاشكا جەنۇبى ئۆلكىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كېۋەزلىكلەردە، مولىلىك دەرىجىلەردە كۆپ بولىدۇ. قىزىل ئۆمۈچۈك، كۆك يىش قاتارلىق زىيانداش ھاشارەتلەرنى يۇتۇپ يەيدۇ.



33-رەسىم گۈللۈك چىرپاشكا

1. يېتىلگىنى 2. بالىسى

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى** يېتىلگەنلىرىنىڭ تېنى قارا قوڭۇر بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 2 مىللىمېتىر كېلىدۇ، ئۇچۇم شەكلىدە بولۇپ، ئۈستى تومۇر قۇرۇتقا ئوخشايدۇ. بېشى ئۈچلۈك، مۇرەككەپ كۆزى قارا بولىدۇ (33-رەسىم).

**ياشاش ئادىتى** قالدۇرىدىغان ئەۋلادىنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس. يېتىلگەنلىرى قالدۇق شاخ-شاراق ئارىسىدا، بەرىنىڭ يېرىقلىرىدا شۇنىڭدەك قىشنى ئۆتكۈزىدىغان زىرائەت ئارىسىدا قىشلايدۇ. كېيىنكى يىلى باھار كېلىپ ھاۋا ئىلىغاندا ھەرىكەتلە-نىشكە باشلايدۇ. يېتىلگەنلىرىمۇ، بالىلىرىمۇ ئوخشاشلا كۆك پىت،

ۋە قىزىل ئۆمۈچۈك، قارىغۇ چىرپاشكا، تېرىيىس ۋە غوزا قۇرۇتى قاتارلىق زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ تۇخۇمىنى يەپ ياشايدۇ. ئۆسۈملۈك يوپۇرمىقى ئىچىدە تۇخۇملايدۇ، نۇرغا ئىنتىلىدۇ، سېسىق سۇيۇقلۇق چىقىرىدۇ. بەزىدە ئادەمنى چېقىپ، تېرىسىنى زىدە قىلىپ قويىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** قارا غوللۇق يېشىل قارىغۇ چىر-پاشكىغا قارالسۇن.

## 22. قارا غوللۇق يېشىل قارىغۇ چىرپاشكا

قارا غوللۇق يېشىل قارىغۇ چىرپاشكا شالدا بولىدىغان ئۇچار پېتىنىڭ مۇھىم كۈشەندىسى. گۇاڭدۇڭدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈ-رۈشكە قارىغاندا، كەنجى شالىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۇنىڭ قوڭغۇر سال پىتىنىڭ تۇخۇمىنى شوراپ يېيىشى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 74.23% كە يېتىدىكەن.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى** يېتىلگىنىنىڭ تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 مىللىمېتىر، رەڭگى ساغۇچ يېشىل بولۇپ، پېشانە-سىدىن جۇقىسىغىچە سوزۇلغان قارا قوڭۇر رەڭلىك چوكراق بىر داغ بولىدۇ. دۈمبىسى قارا قوڭۇر بولىدۇ. غولىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە بىر جۈپ لۆكىسى بولىدۇ، لۆكىسىنىڭ كەينىدىكى ئوڭ-سول تەرەپلىرىدە ئۇزۇنىغا كەتكەن ئىككى تال قارا قوڭۇر سىزىق

بولىدۇ. كۆكرىگىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى فالقانسىمان پىلاستىنكىسى قارا قوڭۇر بولىدۇ، كىچىك فالقانسىمان پىلاستىنـ كىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قارا قوڭۇر داغ، ئىككى يان تەرىپىدە ئۇزۇنىسىغا كەتكەن بىر جۈپ قارا قوڭۇر داغ بولىدۇ. پۇتى ساغۇچ يېشىل بولىدۇ (34 ـ رەسىم).



34 ـ رەسىم قارا غوللۇق يېشىل قارغۇ چىرپاشكا

1. بېسىلگىسى 2. تۇخۇمى 3. بالىسى

**ياشاش ئادىتى** يېتىلگەنلىرىمۇ، بالىلىرىمۇ شالدا بولىدىغان ئۇچار پىتىسىك تۇخۇمىسىنى شوراپ يەيدۇ. ئالدى بىلەن ئۇچار پىت تۇخۇمى بار جايلارنى ئىزلەپ تېپىپ، ئاندىن كېيىن نەشتىرىنى تۇخۇمىسىك ئىچىگە سانچىپ تۇخۇم سۇيۇقلۇغىنى شوراپ يەيدۇ. تۇخۇم سۇيۇقلۇغى شورىۋېلىنغاندىن كېيىن قورۇلۇپ كاللەك بولۇپ قالىدۇ، شۇمۇرۇلۇپ بولمىغان تۇخۇم ئەلىتە شەكىلگە كىرىپ قالىدۇ ـ دە، بالا يېتىلدۇرۇش ئىقتىدارىدىن قالىدۇ. قارا غوللۇق يېشىل قارغۇ چىرپاشكا سۇۋانغان شال، ياي ـ يېشىل شال ئۇچار پىتى كۆپ پەيدا بولغان ئېتىزدا يۇرۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ. تۇخۇمىسىنى يوپۇرماق غىلىپىغا ياكى ئوتتۇرا تومۇر توقۇلمىسىغا تارقاق قىلىپ تۇغىدۇ، نۇرغا خېلى ئىنتىلگەك بولىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ

خىل كۈشەندە ھاشارەت كۆپەيگەن چاغدا، ئۆلتۈرۈش دائىرىسى كەڭرى دىخانچىلىق دورىسىنى چاچماسلىق كېرەك.

## 23. كۆك پىت يەيدىغان قارا قارغۇ چىرپاشكا

بۇ خىبنەنىڭ پاختىچىلىق رايونلىرىنىڭ ھەممىسىگە تارقالغان بولۇپ، كۆك پىت يەيدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىگى** يېتىلگىنىنىڭ رەڭگى قارا قوڭۇر، ئۇزۇنلۇغى 4.8 مىللىمېتىر بولىدۇ، كىچىك قالقانسىمان پىلاستىنكىسىنىڭ يۇقۇرى بۇرجىگى ئاقۇش، ئوتتۇرىسى قارا بولىدۇ. قاتتىق قانىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئالدىنقى بۇرجىگىدە، ئارقا بۇرجىگىدە ۋە شىناسىمان پىلاستىنكىنىڭ يۇقۇرىسىدا بىردىن چوڭ قارا داغ بولىدۇ. بالىسى قوڭۇر، ئۇزۇن تۈكلۈك بولىدۇ. دۈلىسى كىچىك بولىدۇ. كىچىك قالقانسىمان پىلاستىنكىسىدا ۋە بىخلىما قانىتىدا بۇلۇتسىمان داغ بولىدۇ، قوسىغى قىزىل بولىدۇ (35 ــ رەسىم).



35 ــ رەسىم كۆك پىت يەيدىغان قارا قارغۇ چىرپاشكا

1. يېتىلگىنى 2. بالىسى

**ياشاش ئادىتى** پەيدا بولۇش ئەھۋالى ئېنىق ئەمەس،

يېتىلگەنلىرىمۇ، باللىرىمۇ ھەر خىل كۆك پىنلارنىڭ تېنىدىكى سۇيۇقلۇقنى سورايدۇ. كېۋەزلىكتە كۆپرەك پەيدا بولىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** قارا غوللۇق يېشىل قارغۇ چىرپاسكىغا ئوخشاش.

## 24. يوغان كۆزلۈك ياپىلاق چىرپاشكا

بۇ خىل ئۆلكىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كېۋەز، كۆكنات، يېشىل ئوغۇت قاتارلىق زىرائەت ئۆستەڭلىرىگە تارقالغان بولۇپ، ھەر خىل كۆك پىنلارنىڭ ۋە پەرۋانە. كۆن كېپىنەكلىرىنىڭ لىچىنكىلىرىنى شوراپ يەيدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى** يېتىلگىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5~6 مىللىمېتىر، رەڭگى قارا بولىدۇ، تېنى ياپىلاق، كەكرەك بولىدۇ، ئالدى قانىتىنىڭ پەردىلىك قىسمىدا ئۇزۇنسىغا كەتكەن 4~5 تال تومۇر بولىدۇ. بېشى دىخماق ھەم كەڭ بولىدۇ، مۈرەككەپ كۆزى يوغان، ئۇزۇنچاق، يۇمۇلاق بولۇپ، ئارقا تەرىپىگە بۆرتۈپ چىقىپ تۇرىدۇ، رەڭگى قارا قوڭۇر بولىدۇ (36-رەسىم).



36-رەسىم يوغان كۆزلۈك ياپىلاق چىرپاشكا

**ياشاش ئادىتى** يېتىلگەنلىرى يىلدىلىكتە، تاش غازاڭ ئوت-چۆپ ئارىسىدا قىشلايدۇ. يېتىلگەنلىرىمۇ، باللىرىمۇ غوزا قۇرۇتى،

www.uyghurkitap.com

قىزىل غوزا قۇرۇتى، كېۋەزنىڭ ئۆزەك قۇرۇتى، قىيپاش سىزىقلىق پەرۋانە قاتارلىق كېپىنەك تۈرىدىكىلەرنىڭ لىچىنكىلىرىنى ۋە تۇخۇمىنى يەيدۇ، كوك پىت، قارغۇ چىرپاشقا قاتارلىق زىيانداش ھاشارەتلەرنىمۇ تۇتۇپ يەيدۇ. كۆكتات، ئاشلىق، يېشىل ئوغۇت قاتارلىق زىرائەتلەردە ۋە كېۋەزدە بۇنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** قارا غوللۇق يېشىل قارغۇ چىرپاشقىغا ئوخشاش.

## 25. كۆك پىت يەيدىغان تۆگۈنەك پاشا

بۇ خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان، ئۇنىڭ لىچىنكىسى كۆك پىت يەيدۇ، كېۋەزلىكتە، مۇنبەت دەرەخ شۇنىڭدەك كۆك پىت كۆپ بولغان باشقا جايلاردا كۆپلەپ پەيدا بولىدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى** يېتىلگىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.4~1.8 مىللىمېتىر بولۇپ، كىچىك پاشىغا ئوخشايدۇ. رەڭگى بوز يېشىل بولىدۇ. سەزگۈ بۇرۇتى ناھايىتى ئۇزۇن، مارجانسىمان بولىدۇ، ھەر بىر بوغۇمىدا ئايلانما تۈك بولىدۇ. لىچىنكىلىرى چىۋىن قۇرۇتى شەكلىدە بولۇپ، رەڭگى ساغۇچ قىزىل كېلىدۇ، بېشى ئېنىق كۆرۈنىدۇ، كۆكرەك-قوساق تەرىپىدە "Y" شەكىللىك نېپىز ئۇستىخان پىلاستىنكىسى بولىدۇ، قۇيرۇقىدا 8 تال

تىكەنچىسى بولىدۇ. قوچىغى ساغۇچ قىزىل بولىدۇ. چېكىسىدە بىر جۈپ ئىنچىكە تۈك بولىدۇ، كۆكرىگىدە بىر جۈپ نەپەسلىنىش نەيچىسى بولىدۇ (37 ـ رەسىم).

**ياشاش ئادىتى** ھەر يىلى 5~6 ئەۋلاد قالدۇرۇپ، قوچاق ھالىتىدە قىشلايدۇ. تۇخۇمدىن چىقىپ يېتىلگىچە 16~29 كۈن كېتىدۇ، چىشىسىنىڭ ھەر بىرى 116~125 تۇخۇم تۇغىدۇ، تۇخۇملاش مەزگىلى 3 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ، لىچىنكا مەزگىلى 10 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ. تۇخۇمدىن دەسلەپ چىققان لىچىن- كىسى كۆك يىپ ئارىسىدا يۈرۈپ، ئۇنى يېيىشكە باشلايدۇ، باش لىچىنكىلىرى ئىغىز ئىلمىگىنى سوزۇپ، كۆك يىپنىڭ قوسىغى بىلەن ئالدى پۇتى ئوتتۇرىسىدىن تېرىسىنى يىرتىپ، تېنىدىكى سۇيۇقلۇقنى سوراپ يەيدۇ. بىر ئاز چوڭايغاندىن كېيىن، ئەتىرىنى كۆك يىپ پۇتىنىڭ ئاقالچىغىدىكى بوغۇم ئارىلىقىغا سانجىپ، ئۇنى زەھەرلەپ بەھۇش قىلىپ، ئاندىن



37 ـ رەسىم كۆك يىپ يەيدىغان تۈگۈنەك پاشا

1. يېتىلگىنى 2. تۇخۇمى
3. لىچىنكىسى 4. قوچىقى
5. كۆك يىپنىڭ ئالدى پۇتىنى ئارىلاندۇرۇپ، زەھەرنى سانجىپ بەھۇش قىلىۋاتقان لىچىنكا

كېيىن شورايدۇ. لىچىنكىسى يېتىلگەندىن كېيىن، يېپەك قۇسۇپ، كۆك پىتىسك قۇرۇق تېرىسىنى چىرماپ يوپۇرماقنىڭ ئارقا يۈزىدە ياكى يەردە قىزغۇچ سېرىق نېپىز غوزەك توقۇپ قوچاقفا ئايلىنىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** قارا غوللۇق يېشىل قارغۇ چىرپاش-كىغا ئوخشاش.

# 26. تېرىپىس

تېرىپىس ناھايىتى كىچىك بىر خىل ھاشارەت، ئادەتتە كۆز بىلەن ئاسانلىقچە كۆرگىلى بولمايدۇ. كۆپىنچە مۆلۈك دەرەخ، كېۋەز، كۆكتات قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەردە پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ كۆپىنچىسى زىيانداش ھاشارەت، ئەمما ئۇنىڭ كۆك بىت، توزاك پىتى، قىزىل ئۆمۈچۈك قاتارلىقلارنى يۇتۇپ يەيدى-غان بەزى پايدىلىق تۈرلىرىمۇ بار، بۇ تەرەپتىن ئالغاندا، ئۇ مۇھىم كۆشەندە ھاشارەت ھېساپلىنىدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى** رەڭگى سېرىق، ساغۇچ قوڭۇر ياكى قارا بولىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 0.8~2 مىللىمېتىر بولىدۇ. پەردە قاناتلىق بولۇپ، قانىتى ناھايىتى تار، ئۇزۇن تاسما شەك-لىدە بولىدۇ، قانىتىنىڭ تومۇرى ناھايىتى ئاز بولىدۇ ياكى بولمايدۇ. چۆرىسىدە پەيگە ئوخشايدىغان ئۇزۇن تۈكى بولۇپ، جىم تۇرغاندا دۈمبىسىنىڭ يان تەرىپىدە تەكشى تۇرىدۇ. قوساق قىسمى ئىنچىكە ئۇزۇن بولىدۇ. ئاغزى سانچىپ شورىغۇچى

ۋورمىسىدا بولىدۇ. ئادەتتە تۆۋەندىكى 2 خىل تىرىپىس كۆپرەك ئۇچرايدۇ، يىپىلگەنلىرىنىڭ كۆرۈنۈشى مۇنداق:

ئالىە داغلىق تىرىپىس: يىپىلگەن-لىرىنىڭ رەڭگى ساغۇچ ئاق بولۇپ، بېشىنىڭ رەڭگى نوتۇقراق بولىدۇ، قانىتى ئاق سۈزۈك بولىدۇ، ئالدى قانىتىنىڭ ھەر بىرىدە 3 تالدىن قارا قوڭۇر داغ بولىدۇ. تېنىنىڭ ئۇزۇن-لۇغى 0.8 مىللىمېتىر بولىدۇ (38-رەسىمنىڭ 1-، 2-سى).



38-رەسىم تىرىپىس

1. ئالتە داغلىق تىرىپىسنىڭ يىپىلگىنى 2. ئالىە داغلىق تىرىپىسنىڭ بالىسى 3. تاغىل تىرىپىسنىڭ يىپىلگىنى 4. تاغىل تىرىپىسنىڭ قورچىقى

تاغىل تىرىپىس: يىپىلگىنى 1.7 مىللىمېتىر بولۇپ، تېنى سىرىق بولىدۇ. بېشى، دۈلىسى پاقىراقىراق كېلىدۇ. قانىتى كەكىرەك بولىدۇ. ئالدى قانىتىنىڭ، كەينى قانىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا 2 دانە قارا داغ بولىدۇ. ئالدى قانىتىنىڭ چۆرىسىدىكى تۈكى قىسقا بولىدۇ (38-رەسىمنىڭ 3-، 4-سى).

**ياشاش ئادىتى** ئالىتە داغلىق تىرىپىس بىلەن تاغىل تىرىپىسنىڭ ھەر يىلى قالدۇرىدىغان ئەۋلادىنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس. 6~7-ئايلاردا مىۋىلىك دەرەختە كۆپ پەيدا بولىدۇ. دۈلانى قىزىل ئۆمۈچۈكى ئارىسىدا ياشاپ، ئۇنى تۇتۇپ يەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

دۇلانا قىزىل ئۆمۇچۇگىنى تىزگىنلەشتە مەلۇم رول ئوينايدۇ. باشقا كۆك پىت، كېۋەز تىرىپىسى، تام سالجىسى ۋە باشقا كىچىك ھاشارەتلەرنىمۇ تۇتۇپ يەيدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** زىيانداش ھاشارەتلەرنى يوقىتىدىغان چاغدا، پايدىلىق تىرىپىسنى ئاسراپ قىلىش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈش دائىرىسى كەڭرى دىخانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلەتمەسلىك لازىم، دورا چېچىش مەزگىلىگىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك.

## 27. كۆك پىت يەيدىغان چىۋىن

كۆك پىت يەيدىغان چىۋىن ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشايدۇ، ئەمما دۈمبىسىدە توغرىسىغا كەتكەن نۇرغۇن سېرىق سىزىقلار بولىدۇ. گۈل ـ چېچەكلەر ئارىسىدا يۈرۈپ، چېچەك توزىڭى ۋە گۈل شىرنىسىنى يەيدۇ، ئادەتتە ئۇچۇپ يۈرىدۇ ياكى ئىككى قانىتىنى تەۋرىتىپ ئۆز ئورنىدا جىم تۇرۇپ، يەنە ئۇشتۇمتۇتلا باشقا يەرگە ئۇچۇپ بېرىپ، ئايلىنىپ يۈرىدۇ. كۆك پىت توپى ئارىسىغا ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىغا تۇخۇم تۇغىدۇ، تاسادىپىي ھالدا بوپۇرماققا ياكى ئۆسۈملۈكنىڭ غولىغا قونۇپ يۈرۈپمۇ تۇغۇپ قويىدۇ، تۇخۇمى ئاق، ئۇزۇنچاقراق بولىدۇ. لىچىنكىسىنىڭ شەكلى چىۋىن قۇرۇتىغا ئوخشاش بولۇپ، بېشى ئۇچلۇق، قۇيرۇغى دىخماق، تېنى يېرىك كېلىدۇ، تېنىدە ئۇزۇنىغا كەتكەن سىزىق بولىدۇ، ھەممىشە تېنىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىسىنى كۆتىرىپ،

ئككى يېنىغا ئىغاڭلاپ تۇرىدۇ. كۆك پىت ئۇچراپ قالسىلا، كاپ قىلىپ چىشلەپ، ئۇچۇپ يۈرۈپ شۇمۇرۇپ يەيدۇ، بەدەن سۇيۇقلۇغىنى شۇمۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، قالغان جەسەدىنى تاشلىۋېتىپ، يەنە داۋاملىق تۇتۇپ يەيدۇ. لىچىنكىسىنىڭ ھەر بىرى پۈتۈن ئۆمرىدە بىرقانچە يۈز كۆك پىتنى ھەتتا مىڭ نەچچە يۈز كۆك پىتنى تۇتۇپ يەيدۇ. بەزىدە يوپۇرماق تومۇز قۇرۇتى، فاسىراقلىق قۇرۇت، تىرسىپىس، پەرۋانە، كۆن كېپىنىگىنىڭ لىچىنكىلىرىنى ۋە تۇخۇملىرىنىمۇ يەيدۇ. ئۇ زىيانداش ھاشارەت-لەرنىڭ مۇھىم كۆشەندىسى ھېساپلىنىدۇ.

كۆك پىت يەيدىغان چىۋىن ھەر يىلى 5~7 ئەۋلات قالدۇ-رۇدۇ، كۆپىنچە، لىچىنكا، قوچاق ھالىتىدە ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى تۆۋىدىكى توپا ئارىسىدا قىشلايدۇ. باھار پەسلىدە ئالدى بىلەن مۆلۈك دەرەخ، ئورمان، كۆكتات، بۇغداي تۇرىدىكى زىرا-ئەت، يېشىل ئۇغۇت فاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر ئارىسىدا كۆك پىت تۇتۇپ يەيدۇ، 5~6-ئايلاردا كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلەر ئارىسىدا كۆك پىت تۇتۇپ يەيدۇ، كۆك پىت ئازىيىدىغان 7-8-ئايلارنى قوچاق ھالىتىدە ئۆتكۈزۈپ، كۈز پەسلىدە يەنە مېۋىلىك دەرەخ، ئورمان، كۆكتات ۋە باشقا كۆزلۈك زىرا-ئەتلەر ئارىسىدا كۆپىيىپ، كۆك پىت تۇتۇپ يەيدۇ. ياز پەسلى-دىكى ئەۋلادىنىڭ تۇخۇم مەزگىلى ئاران 2~3 كۈن بولىدۇ. لىچىنكا ۋە قوچاق مەزگىلى تەخمىنەن 6~7 كۈن بولىدۇ. بىر ئەۋلادىنىڭ ۋاقتى تەخمىنەن 16~28 كۈن بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

خېنەندە تۆۋەندىكى بىرقانچە خىل كۆك پىت يەيدىغان چىۋىن كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

## 1. كۆك پىت يەيدىغان ئۇزۇنچاق چىۋىن

بۇ خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان، ئۇنىڭ لىچىنكىسى بۇغداي پىتى، شاپتۇل پىتى، نەشپۈت پىتى، كۆكتات پىتى قاتارلىق ھاشارەتلەرنى تۇتۇپ يەيدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى** بىنلگەنلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6~8 مىللىمېتىر، غولى كۆكۈش قارامتۇل بولىدۇ، ئىككى يان تەرىپىدە ئۇزۇنىغا كەتكەن قىزغۇچ سېرىق سىزىق بولىدۇ. كىچىك قالقانسىمان پىلاستىنكىسى قىزغۇچ سېرىق بولىدۇ. پۇتى سېرىق، قوساق قىسمى ئىنچىكە، ئۇزۇن، قىزغۇچ سېرىق بولىدۇ. توغرىسىغا كەتكەن قوڭۇر يوللۇق 4 تال دىغى بولىدۇ. تۇخۇمى ساغۇچ ئاق، ئۇزۇنچاق، ئەگمەچەرەك يۇمىلاق بولىدۇ، لىچىنكىسى 10~12 مىللىمېتىر، ساغۇچ يېشىل كېلىدۇ، چىۋىن قۇرۇتى شەكلىدە بولىدۇ، يېپى بىرىك بولىدۇ، ئالدى تەرىپى ئۇچلۇق،




39 ـ رەسىم كۆك پىت يەيدىغان ئۇزۇنچاق چىۋىن

1. بىنلگىنى 2. تۇخۇمى 3. لىچىنكىسى 4. قونچىقى

ئارقا نەرسىپى دىخماق، يۇمۇلاق بولىدۇ، ئۇچىدا تىك چىقىپ تۇرغان بىر جۈپ بەپەسلىنىش نەيچىسى بولىدۇ. قۇچىقى 8 مىللىمېتىر بولۇپ، ئۇچىدا لىچىنكا ھالەتتە ئاخىرقى قېتىم تۈلەگەن تېرىسى بولۇپ، ئۇ يوپۇرماققا ياكى شاخقا يېپىشىپ قالىدۇ (39 - رەسىم).

**ياشاش ئادىتى** بىر يىلدا بىرقانچە ئەۋلات قالدۇرۇپ، قوچاق ھالىتىدە قىشلايدۇ. كېيىنكى يىلى 3 ~ 4 - ئايلاردا بىتلىپ چىقىدۇ. كۆك پىت توپى ئارىسىغا ياكى شۇنىڭغا يېقىن بوپۇرماق-لارنىڭ ئارقا يۈزىگە تۇخۇم تۇغىدۇ. لىچىنكىسى تۇخۇمىدىن چىققاندىن كېيىن، كۆك پىت ياكى باشقا زىيانداش ھاشارەت-لەرنىڭ تېنىدىكى سۇيۇقلۇقنى شورايدۇ. قېرىغان لىچىنكىسى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تۈلەگەن تېرىسىنى يوپۇرماققا يېپىشتۇرۇپ قوچاققا ئايلىنىدۇ. قوچاق مەزگىلى 5 ~ 7 كۈن بولىدۇ، يېتىلىپ چىققاندىن كېيىن جۈپلىشىپ تۇخۇم تۇغىدۇ. 1 ~ 2 كۈندىن كېيىن ئۆلىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** زىيانداش ھاشارەتلەرنى يوقىتى-دىغان چاغدا ئۆلتۈرۈش دائىرىسى كەڭ بولغان دىخانچىلىق دورى-لىرىنى ئىشلەتمەسلىك لازىم، كۆشەندە ھاشارەتنىڭ ئۆلۈپ كەت-مەسلىكى ئۈچۈن، دورا چاچىدىغان ۋاقىتقا دىققەت قىلىش كېرەك.

## 2. كۆك پىت يەيدىغان باشقا چىۋىنلەر

### (1) كۆك پىت يەيدىغان چوڭ كۆلرەڭ چىۋىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېتىلگەنلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8~10 ملليمېتىر، رەڭگى قارامتۇل بولىدۇ. بېشى بىلەن كىچىك قالقانسىمان پىلاستىنكىسى قىزغۇچ سېرىق بولىدۇ. قوساق قىسمى ئۇزۇنچاق يۇمىلاق، 2-، 3-، 4-بوغۇمىنىڭ ئىككى يان تەرىپىدە بىر جۈپتىن ئالدىغا ئېگىلگەن ئىلمەكسىمان ساغۇچ توغرا سىزىق بولىدۇ (40-رەسىم).



40-رەسىم كۆك پىت يەيدىغان كۆلرەڭ چىۋىن

**(2) كۆك پىت يەيدىغان چوڭ يېشىل چىۋىن** يېتىلگىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12~15 ملليمېتىر، رەڭگى كۆكۈش بوز بولىدۇ، غولى توق كۆكۈش بولۇپ، پاقىراپ تۇرىدۇ. دۈمبىسىدە توغرىسىغا كەتكەن يېرىم ئاي شەكىللىك 3 جۈپ ساغۇچ ئاق داغ بولىدۇ (41-رەسىم).



41-رەسىم كۆك پىت يەيدىغان چوڭ يېشىل چىۋىن

**(3) كۆك پىت يەيدىغان تىكەن ئاياقلىق چىۋىن** يېتىلگەنلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6~10 ملليمېتىر، رەڭگى كۆكۈش قارامتۇل بولىدۇ، كىچىك قالقانسىمان پىلاستىنكىسى ساغۇچ ئاق بولۇپ، ئوتتۇرىسى قارا قوڭۇر كېلىدۇ. ئەركىگىنىڭ ئارقا پۇتىنىڭ تىزىدا چوڭراق تىكەن بولىدۇ. قوساق قىسمىدا توغرىسىغا

كەتكەن 3 تال سېرىق بالداق بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرى ئوتتۇرىسى-دىن ئۈزۈلۈپ قالغان بولىدۇ (42-رەسىم).

**(4) كۆك پىت يەيدىغان قارا بالداق چىۋىن** يېتىلگىنى-نىڭ ئۇزۇنلۇقى 11 مىللىمېتىرچە بولىدۇ، دۈمبىسى قارامتۇل كۆكۈش بولۇپ، پاقىراپ تۇرىدۇ، ئۇزۇنىغا كەتكەن 4 تال ساغۇچ بوز سىزىق بولىدۇ. قوساق قىسمىنىڭ 2-، 3-، 4-بوغۇملىرىدا توغرىسىغا تارتىلغان ئىككى تالدىن قارا سىزىق بولىدۇ. بۇنىڭ ئالدى تەرەپتىكىسى كەڭ، ئارقا تەرەپتىكىسى تارراق بولىدۇ (43-رەسىم).



42-رەسىم كۆك پىت يەيدىغان تىكەن ئاياقلىق چىۋىن



43-رەسىم كۆك پىت يەيدىغان قارا بالداق چىۋىن

## 28. ھاشارەت يەيدىغان كۆكۈيۈن

ھاشارەت يەيدىغان كۆكۈيۈن فاۋۇل بولۇپ، ئۇچۇشقا ماھىر، ناھايىتى ۋەھشى كېلىدۇ، ئۇچۇپ يۈرگەن زىيانلىق ھاشارەت-لەرنى تۇتۇپ يەيدۇ، تۈرى كۆپ، ھەممىلا يەردە بولىدۇ.

**تاشتى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىگى** ھاشارەت يەيدىغان كۆكۈ-يۈنىنىڭ تېنى ئىنچىكە، ئۇزۇن كېلىدۇ، نۇرغۇن تىكەنلىك تۈكى بولىدۇ. تولىسىنىڭ تۇمشۇغى ئىلمەك بولىدۇ، چوققىسى ئويمان، كۆزى تومپاق بولىدۇ. كۆپىنچىسىنىڭ تېنى فارا قوڭۇر بولىدۇ، قوساق قىسمىنىڭ ھەر بىر بوغۇمىنىڭ ئارقا يېرىم قىسمىدا توغ-رىسىغا كەتكەن سېرىق باللداقلار بولىدۇ ھەمـدە نۇرغۇنلىغان سېرىق ئىنچىكە، قىسقا تۈك بولىدۇ. ئەركىگىنىڭ قوساق قىسمى-نىڭ ئاخىرقى ئۇچىدا نۇرغۇن سېرىق ئىنچىكە تۈك بولىدۇ، چىشىسىنىڭ ئۇنداق بولمايدۇ. ئۆزى فاۋۇل بولۇپ، ئۆزىدىن چوڭ ھاشارەتلەرنى، مەسىلەن، چېۋىن تۇرىدىكىلەرنى تۇتۇپ يېيەلەيدۇ. تۇخۇمى ئاق بولىدۇ، ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىغا تۇغىدۇ. لىچىنكىسى ساغۇچ ئاق بولىدۇ، تېنى تۈز، سىلىقراق ھەم قاتتىق بولۇپ، بېشى ئالدى تەرەپكە چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇچىلۇق ياپىلاق بولىدۇ، ئادەتتە ئۇنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى خىلى ئۇچرايدۇ:

ھاشارەت يەيدىغان جاڭگال كۆكۈيۈنى: يېتىلگەنلىرىنىڭ تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 20—28 مىللىمېتىر، رەڭگى قارا بولىدۇ، غولى كۆتىرىلىپ تۇرىدۇ، كىچىك قالقانسىمان پىلاستىنكىسى ساغۇچ قوڭۇر بولىدۇ. قوساق قىسمى ئىنچىكە، ئۇزۇن، ھەرفاي-سى بوغۇملىرىنىڭ ئاخىرقى قىرغىغىدا سېرىق باللداق بولىدۇ، ئەركىگىنىڭ فۇبرۇغىنىڭ ئۇچىدا ئاق تۈكلۈك داغ بولىدۇ، چىشىسىنىڭ ئۇنداق بولمايدۇ (44 — رەسىمنىڭ 2 — سى).

ھاشارەت يەيدىغان جۇڭگو كۆكۈيۈنى: بىتلىگىنىنىڭ تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 20~28 مىللىمېتىر، رەڭگى ساغۇچ قوڭۇر ياكى قىزغۇچ قوڭۇر بولىدۇ، سەزگۈ بۇرۇتى قارا، ساغۇچ قىزىل بولىدۇ، 3 ـ بوغۇمى قارا بولىدۇ. كۆكرەك قىسمى قىزغۇچ سېرىق، قوساق قىسمى ساغۇچ قىزىل بولىدۇ (44 ـ رەسىمنىڭ 1 ـ سى) .



44 ـ رەسىم ھاشارەت يەيدىغان كۆكۈيۈن

1. ھاشارەت يەيدىغان جۇڭگو كۆكۈيۈنى 2. ھاشارەت يەيدىغان حاكگال كۆكۈيۈنى 3. ماي قوڭغۇزىنىڭ لىچىنكىسىنى يەۋاتقان كۆكۈيۈن لىچىنكىسى

**ياشاش ئادىتى** بىتلىگەنلىرى كۈندۈزى ھەركەت قىلىدۇ، ئادەتتە يول بويىدا جىم تۇرۇپ، يېنىغا كەلگەن ھاشارەتلەرنى تۇتۇپ يەيدۇ ياكى ھاشارەتلەرنى كۆرگەن ھامان قوغلاپ

يۇرۇپ تۇتىدۇ. ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىغا تۇخۇملايدۇ. لىچىنكىسى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن تۇپراقتا ياكى چىرىگەن دەرەخ شېخى ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ يۇرۇپ، ماي قوڭغۇزىنىڭ لىچىنكىسى قاتارلىق ھاشارەتلەرنى تۇتۇپ يەيدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** كۆك پىت يەيدىغان چۈنىگە ئوخشاش.

## 29. تۇتۇپ ئوزۇقلىنىدىغان سالجا

تۇتۇپ ئوزۇقلىنىدىغان سالجا گۆشخور كانا دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ قىزىل ئۆمۈچۈكنى تۇتۇپ يەيدىغان مۇھىم كۈشەندە ھاشارەت. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، خىمىيىۋى دېھقانچىلىق دورىلىرى قالايمىقان ئىشلىتىلگەچكە، قىزىل ئۆمۈچۈكتە (بولۇپمۇ سالجىسىدا) دورىغا قارشى كۈچ پەيدا بولۇپ قالدى، ھازىر بىئولوگىيىلىك ئۇسۇل ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش، بولۇپمۇ تۇتۇپ ئوزۇقلىنىدىغان سالجىنىڭ، بولۇپمۇ ئۆسۈملۈك كانىسىنىڭ كۆكلىگەندىكى ئۈنۈم بېرىدىغانلىقى سېزىلدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئوزۇقلىنىشى شىددەتلىك ھەم مەخسۇس بولىدۇ، بىر جىنسى سالجا كۆزەردە بولىدىغان بەش جىنسى قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ ئىككى ھەپتە ئىچىدە كۆپەيگەن ئەۋلادىنى تامامەن يوقىتالايدۇ. خېبەي ئۆلكىسىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى باغلاردا دېھقان

سالجا ۋە قارغۇ سالجا ئومۇمى يۈزلۈك پەيدا بولىدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى** جۈغى كىچىك بولۇپ، ئادەتتە كۆز بىلەن كۆرۈش تەس. دىخماق سالجىنىڭ تېنى يۇمۇلاق ياكى سوقىچاق بولىدۇ، بېشى تېنىدىن سوزۇلۇپ چىقىپ تۇرىدۇ. ئاغزى سانجىپ شورىغۇچى ئېغىز فورمىسىدا بولۇپ، تۇمشۇقىنى باشقا سالجىلارنىڭ ياكى باشقا ھاشارەتلەرنىڭ تېنىگە سانجىپ، تەن سۇيۇقلۇقىنى شورايدۇ. قانىتى، كۆزى بولمايدۇ ياكى 1~2 جۈپ ئاددى كۆزىلا بولىدۇ. 4 جۈپ پۇتى بولىدۇ (45-رەسىمنىڭ 1-سى).




45-رەسىم تۇتۇپ ئوزۇقلىنىدىغان سالجا

1. دىخماق چىشى سالجىنىڭ دۈمبە تەرىپىدىن كۆرۈنۈشى
2. چىلى كىچىك ئۆسمىلىك سالجىسى

قارغۇ سالجىنىڭ تېنى ياپىلاق، سۈزۈك، سۇس ساغۇچ بولىدۇ.

**ياشاش ئادىتى** تۇتۇپ ئوزۇقلىنىدىغان سالجا كۆپىنچە ئەسلىنىپ جۈپلىشىپ كۆپىيىدۇ. چىشىسى ئەركىكى بىلەن جۈپلەشكەندىن كېيىن ئوزۇقلىنىدۇ، بالىسى تۇخۇمدىن كېيىن 3 جۈپ پۇت چىقىدۇ. تۇلىجىنكا دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ تولگەندىن كېيىن باش قۇرۇت مەرگىلىگە كىرىدۇ، 4 جۈپ پۇتى بولىدۇ، يەنە تولگەندىن كېيىن يېتىلىدۇ. بەزى تۈرلىرىنىڭ چىشىسى بەككە ھالدىمۇ كۆپىيىدۇ. بىر يىلدا كۆپ ئەۋلات قالدۇرىدۇ،

29~30°C لۇق ئەڭ مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا شارائىتىدا 3~5 كۈندە بىر ئەۋلات قالدۇرۇپ ماڭىدۇ، بىر چىشى سالجا ھەر كۈنى 2~3 تۇخۇم تۇغىدۇ، تۇغۇش مەزگىلى 30 كۈندىن ئېشىپ كېتىدۇ. يېتىلگەنلىرىمۇ، بالىلىرىمۇ كۆچلۈك ھەركەتلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، مەخسۇس ئوزۇقلىنىدۇ، ھەمىشە قىزىل ئۆمۈچۈك تورى ئارىسىدا ياشاپ، باشقا يېتىلگەن سالجىلارنى ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنى تۇتۇپ يەيدۇ. تۇخۇمىنى يىمەيدۇ، قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ بەك يامراپ كېتىشىنى چەكلەشتە ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ.

قارغۇ سالجىنىڭ يېتىلگەنلىرىمۇ، بالىلىرىمۇ قىزىل ئۆمۈچۈك، قاسراقلىق قۇرۇت، توزاڭ پىتى ۋە ئۆسۈملۈك شىرنىسى، چېچەك بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. 25~28°C لۇق مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا شارائىتىدا 5~7 كۈندە بىر ئەۋلات قالدۇرىدۇ. كۈزنىڭ ئاخىرلىرىدا قىشلاش ئۈچۈن دەرەخ قوۋزىقىنىڭ قېتىغا كىرىۋالىدۇ.

چىلى كىچىك ئۆسۈملۈك سالجىسى (45 ـ رەسىمنىڭ 2 ـ سى)نى جياڭسۇ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى 1976 ـ يىلى چىلىدىن ئېلىپ كەلگەن. ئوزۇقلاندۇرۇپ كۆزىتىشكە ئاساسلانغاندا، تۇخۇمدىن تارتىپ يېتىلگەن ھاشارەتكە ئايلانغىچە بولغان راۋاجلىنىش ۋاقتى 4~6 كۈن ئەتراپىدا بولىدىكەن. يېتىلگەن سالجا بولۇش مەزگىلى 25 كۈن بولىدىكەن. 20°C لۇق تېمپېراتۇرا شارائىتىدا بىر ئەۋلادىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن 6 كۈنچە ۋاقىت لازىم بولىدىكەن، 29°C لۇق تېمپېراتۇرا شارائىتىدا 9

كۈن ۋاقىت كېتىدىكەن، كېۋەز قىزىل ئۆمۈچۈكىنىڭ يېتىلىشى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 1.7 ھەسسە تېز بولىدىكەن. جۈپلىشىش ۋاقتى 2 سائەتكە يېتىدىكەن. جۈپلىشىپ 2 كۈندىن كېيىنلا تۇخۇملاشقا باشلايدىكەن، 3 ـ كۈندىن ئېتىۋارەن كۆپلەپ تۇغۇشقا باشلايدىكەن. تۇخۇمنى يوپۇرماقنىڭ ئارقا يۈزىدىكى يوغۇرىدىك ئىككى يېنىغا، كېۋەزدە بولىدىغان قىزىل ئۆمۈچۈك تورىدىك ئۇسسىگە ياكى يوپۇرماقنىڭ ئويمان يېرىگە تارقاق ھالدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۈنى 1.5 نى، جەمئى 40 نى تۇغىدىكەن. كۆپ تۇغقان كۈنلىرى 3~5 نى تۇغىدىكەن. تۇغىدىغان ۋاقتى 20 كۈندىن كۆپرەك داۋاملىشىدىكەن. باللىرى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن كېۋەز قىزىل ئۆمۈچۈكىنىڭ باللىرىنى ۋە تۇخۇمىنى ئىشتىھاسى بىلەن يەيدىكەن. يېتىلگەنلىرى يېتىلگەن قىزىل ئۆمۈچۈك ۋە ئۇششاق قىزىل ئۆمۈچۈك بىلەن ئوزۇقلىنىدىكەن. ئۆيدە ئۆستۈرۈش قاچىسىدا باققاندا پايدىلىق ئۆمۈچۈك بىلەن زىيانلىق ئۆمۈچۈكنىڭ سانىنىڭ سېلىشتۇرمىسى 6:150 بولغان، 7 كۈندىن كېيىن تۇتۇپ يەيدىغان سالجا 8 ھەسسە كۆپەيگەن، زىيانلىق سالجا 82% ئازايغان، 9 كۈندىن كېيىن، پۈتۈنلەي يوقىتىلغان. ئېتىزلىقتا كېۋەز قىزىل ئۆمۈچۈكى توپلاشقان كېۋەز تۈپلىرىگە تۇتۇپ يەيدىغان سالجا كۆچۈرۈلسە، بىر كۈندىن كېيىن، ئۇنىڭ 40% ى شۇ يەرگە ماكانلىشىدىكەن، 7 كۈندىن كېيىن ئۇ 24 ھەسسە كۆپىيىدىكەن. پايدىلىق سالجا بىلەن زىيانلىق سالجا 1:160

www.uyghurkitap.com

لاك. نىسبەت بويىچە كۆچۈرۈلسە، تۇتۇپ ئوزۇقلاندۇرغان سالجا كېۋەزدە بولىدىغان قىزىل ئۆمۈچۈكنى 10 كۈن ئىچىدە پۈتۈنلەي يوقىتالايدىكەن. ئۇنۇپ ئوزۇقلاندۇرغان سالجىنىڭ كېۋەزگە كۆچۈرۈلۈشى ئاساسەن ئوزۇقلۇق بىلەن پەرقلىنىدۇ، پايدىلىق سالجا بىلەن زىيانلىق سالجىنىڭ نىسبىتى 1:5 دىن كۆپ بولغان چاغدا، تۇتۇپ ئوزۇقلاندۇرغان سالجا يۆتكىلىشكە باشلايدۇ، 13 كۈندىن كېيىن خوشنا كېۋەز تۈپلىرىدىكى قىزىل ئۆمۈچۈكنى تامامەن يەپ تۈگىتىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** دۆلىتىمىزدە بەزى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات خىزمىتىنى باشلىۋەتتى، مەسىلەن، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك خاشارەت تەتقىقاتى يۇرتى بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ دېخماق سالجىسى ئارقىلىق ئاپېلسىن قىزىل ئۆمۈچۈكىنى يوقىتىۋاتىدۇ، ئۇلار ئىككى يىللىق بولغان ئىككى تۈپ ئاپېلسىن دەرىخىدە ئۇساك تۇتۇپ ئوزۇقلىنىش ئىقتىدارىنى كۆزەتكەن، ئۇلار قىزىل ئۆمۈچۈكنى كۆچۈرۈپ، 2~3 كۈندىن كېيىن، ئاندىن ئۆسۈملۈك دېخماق سالجىسىنى كۆچۈرگەن ئىكەن، ئىككىسىنىڭ نىسبىتى 4.5:1 بولۇپتۇ، 5 كۈندىن كېيىن تەكشۈرسە، سېلىشتۇرما نىسبىتىدە، قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ لىچىنكىسى، ياش قۇرتى ۋە يېتىلگىنى 84% ئازىيىپتۇ، 10 كۈندىن كېيىن 90% ئازىيىپتۇ. بىر تەرەپ قىلىنغان تۈپتىكى قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ تۇخۇمىدىن بالىلىرىنىڭ چىقىش نىسبىتى 16.6% بولۇپتۇ، سېلىشتۇرما

نىسبىتى بولسا 80.9% بولۇپتۇ. دېمەك، بۇنىڭدىن دېھقان سالجىنىڭ ئاپېلسىن قىزىل ئۆمۈچۈكىنى سان جەھەتتىن چەكلەشتە بەلگىلىك رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن تۇتۇپ ئوزۇقلىنىدىغان سالجىنى كۆپەيتىدىغان زاۋۇت قۇرۇپ، پارنىكتىكى قىزىل ئۆمۈچۈكىنى يوقاتماقتا، ھەر يىلى كۆپەيگەن تۇتۇپ ئوزۇقلىنىدىغان سالجا مەملىكەت بويىچە يېرىم پارنىكتا ئۆستۈرۈلىدىغان كۆكتاتلاردىكى قىزىل ئۆمۈچۈكنى يوقىتىش ئېھتىياجىنى قامدىماقتا. ھىندىستاندا، قىزىل ئۆمۈچۈك ئاپەت خاراكتېرلىق زىيانداش ھېساپلىنىدۇ. تۇتۇپ ئوزۇقلىنىدىغان سالجا قويۇپ بېرىلگەن جايلارنىڭ ھەممىسىدە قىزىل ئۆمۈچۈك ئاساسەن تۈپتىن يوقىتىلغان.

چەتئەللەرنىڭ ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، تۇتۇپ ئوزۇقلىنىدىغان سالجىنى كۆممە قوناقنىڭ گۈل چېكىسىگە ھەسەل تېمىتىش ئارقىلىق بېقىپ كۆپەيتكىلى بولىدىكەن.

بۇنىڭدىن باشقا، تۇتۇپ ئوزۇقلىنىدىغان سالجا ھاك - گۈڭگۈرت ئارىلاشمىسىغا قارىتا بەك سەزگۈر كېلىدۇ، مۇتلەق دەرىجىدە دورا قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ۋە ئۇنى يوقىتىشقا توغرا كەلسە، تۇتۇپ ئوزۇقلىنىدىغان سالجىنىڭ زەھەرلىنىشىنى ۋە ئۆلۈپ كېتىشىنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئاخىرقى مەزگىلدە باشقا دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىش كېرەك.

# 30. ئۆمۈچۈك

ئۆمۈچۈك دىخانچىلىقتا، ئورمانچىلىقتا زىيان بەتكۈزىدىغان ھاشارەتلەرنىڭ مۇھىم كۈشەندىسى. ئېتىزلاردا، مىڭلىك دەرەخلەردە نۇرغۇن ئۆمۈچۈك ياشايدۇ، ھەر مو يەردە ئەڭ كۆپ بولغاندا نەچچە ئون مىڭدىن ئىككى يۈز مىڭغىچە ئۆمۈچۈك بولىدۇ، ئۇ، تۇتۇپ ئوزۇقلىنىدىغان كۈشەندە ھاشارەتلەر ئىچىدە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەيدۇ.

ئۆمۈچۈك ئۆمۈچۈك تۈرىدىكىلەر سىنىپىغا، ئۆمۈچۈك ئەتردىگە كىرىدۇ. تېنى باش - كۆكرەك قىسمىدىن ۋە قوساق قىسمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئادەتتە بۇ قىسىملىرى ئېنىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئادەتتە ئوتتۇرا ھال ۋە كىچىك تىپتا بولىدۇ. قوشۇمچە ئەزاسى 6 جۈپ بولىدۇ، بىرىنچى جۈپى قىسقۇچلۇق بولۇپ، ئىلمەكسىمان ياكى ئامبۇرسىمان كېلىدۇ، ئىككىنچى جۈپى سەزگۈ ئەزاسى، ئۈچىنچى جۈپىدىن ئالتىنچى جۈپىگىچە بولغان قوشۇمچە ئەزاسى پۇتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قوساق قىسمى بوغۇملارغا بۆلۈنىدۇ ياكى ئېنىق بۆلۈنمەيدۇ، قوساق قىسمى بىلەن باش - كۆكرەك قىسمىنى تۇتاشقان يېرى ئىنچىكە بولىدۇ. قوساق قىسمىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىدا يىپەك تارتىدىغان قاپارتما بولىدۇ.

ئېتىزلاردىكى ئۆمۈچۈكنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكى،

ئاساسەن، زىيانداش ھاشارەت بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، ئۇنىڭ توتۇپ ئوزۇقلىنىش ئۇسۇلى ئىككى خىل بولىدۇ: (1) تور باغ-لىماي ئايلىنىپ يۈرۈپ توتۇپ ئوزۇقلىنىدىغان ئۆمۈچۈك، مەسىلەن، بىرتىقۇچ ئۆمۈچۈك، تاقىتاق ئۆمۈچۈك، قىسقۇچ ئۆمۈچۈك، ئوغرى ئۆمۈچۈك قاتارلىقلار. (2) تور باغلاپ توتۇپ ئوزۇقلىنىدىغان ئۆمۈچۈك. بۇنداق ئۆمۈچۈك تور باغلاش ئارقىلىق زىيانداش ھاشارەتنى توتۇپ يەيدۇ، مەسىلەن، ئوتلاق-لاردا بولىدىغان كىچىك قارا ئۆمۈچۈك، سېرىق ئۆمۈچۈك، ئۇزۇن پۇتلۇق ئۆمۈچۈك قاتارلىق ئۆمۈچۈكلەر.

ئۆمۈچۈكنىڭ توتۇپ ئوزۇقلىنىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، ئوزۇقلىنىش مىقدارى كۆپ بولۇپ، ھەر خىل كېپىنەك، پەرۋا-نىلەرنى، ئۇلارنىڭ تۇخۇمىنى، لىچىنكىسىنى، يوپۇرماق تومۇز قۇرۇتى، ئۇچار پىت، كۆك پىت، قىزىل ئۆمۈچۈك قاتارلىقلارنى توتۇپ يەيدۇ. ئەمما ئادەتتە ئۆمۈچۈكنىڭ دورىغا قارشى كۈچى بەك ئاجىز بولىدۇ، دورا چېچىلغاندىن كېيىن كۆپلەپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، مەسىلەن، ساللىققا 1605. 666 دورىسى چېچىل-غاندىن كېيىن، ئۆمۈچۈك 81% ئازىيىپ كېتىدۇ. دېمەك، ھەر تەرەپلىمە ئۇسۇل ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش چارىسىنى تۈزۈشتە ئۆمۈچۈكنى ئاسراش بىلەن خىمىيىۋى دېھقانچىلىق دورىلىرىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشنى ئۆزئارا ماسلاشتۇ-رۇش كېرەك.

ئۆمۈچۈكنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبىي

www.uyghurkitap.com

رايونلىرىدىكى شاللىقلاردا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشنىڭ قارى-
غاندا، ئۈنىڭ 20 ئائىلە، 90 تۆرى بار ئىكەن، كېۋەزلىكتە
بولسا 9 ئائىلە، 22 تۆرى بار ئىكەن. جياڭسۇنىڭ شال، كېۋەز،
كۆممە قوناق، يېشىل ئوغۇت ئېتىزلىرىنى تەكشۈرۈشتە، ئۈنىڭ
7 ئائىلە، 19 تۆرى بارلىقى ئېنىقلانغان.

## 1. كىچىك ئۆسۈملۈك ئۆمۈچۈكى

بۇ خىنەن ئۆلكىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كېۋەز، كۆممە قوناق ۋە مۇۋىلىك دەرەخلەرگە تارقالغان بولۇپ، كۆك پىت ۋە كېپىنەك تۈرىدىكىلەرنىڭ لىچىنكىلىرىنى تۇتۇپ يەيدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى** چىشىسىنىڭ تېنى 2.8~3.2 مىللىمېتىر، ئەركىكىنىڭ تېنى 2.5~3.2 مىللىمېتىر بولىدۇ. ئەركىكىنىڭ باش، كۆكرەك قىسمى قىزغۇچ قوڭۇر، يۈتى ساغۇچ قوڭۇر بولىدۇ، قوساق قىسمى بوز قوڭۇر. قارا قوڭۇر بولىدۇ، قويۇق تۈكى بولىدۇ، بەزىلىرىنىڭ دۈمبىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇنىغا كەتكەن ئىنچىكە، ئاق بىر سىزىق ۋە توغرىسىغا كەتكەن نۇرغۇن يانتۇ سىزىقلار بولىدۇ. پاللىرىنىڭ رەڭگى بوز قوڭۇر بولىدۇ، تۇخۇم خالتىسى سوقىچاق، كاللەك بولۇپ، سىرتى ئاق يىپەك بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ. تۇخۇمى شارسىمان بولىدۇ، دەسلەپ تۇققان تۇخۇمى ئاپپاق بولىدۇ. كېيىن سۇس سېرىق بولۇپ قالىدۇ (46-رەسىمنىڭ 1-سى).

**ياشاش ئادىتى** قالدۇرىدىغان ئەۋلادىنىڭ سانى ئېنىق




46-رەسىم ئۆمۈچۈك

1. كىچىك ئۆسۈملۈك ئۆمۈچۈكى (چىشىسى) 2. 8 داغلىق بوغاق قوساق ئۆمۈچۈك 3. ئۇزۇن پۇتلۇق پىلتە قوساق ئۆمۈچۈك

ئەمەس. تۇخۇم خالتىسىنى كۆممە قوناق، شال ياكى مۇبلىك دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ ئۇچ يۈزىگە تۇغىدۇ. ئانا ئۆمۈچۈك ھەمىشە تۇخۇم خالتىسىنىڭ قېشىدا مۇھاپىزەتچىلىك قىلىپ تۇرىدۇ. تۇخۇمى شارسىمان بولىدۇ، دەسلەپتە تۇققان تۇخۇمى ئاق بولىدۇ، كېيىن سۇس سېرىق بولۇپ قالىدۇ، بىر دانە تۇخۇم خالتىسىنىڭ ئىچىدە 40 نەچچە تۇخۇمى بولىدۇ، ھەر كۈنى 2~4 تۇخۇم خالتىسى تۇغىدۇ، 4~7 كۈن ئىچىدە تۇخۇمىدىن لىچىنكىسى چىقىدۇ. تۇخۇمىدىن دەسلەپ چىققان لىچىنكىسى ئاق بولىدۇ، ھە دىگەندىلا تۇخۇم خالتىسىدىن چىقماي، 1~2 كۈن تۇرۇپ، ئاندىن چىقىپ ئۇزۇقلىنىدۇ، رەڭگى قېنىقلىشىدۇ. كۆپىنچە كۆممە قوناق يوپۇرمىقىنىڭ قولتۇغىدا، ئىچ يوپۇرمىقىنىڭ ئىچىدە ۋە كېۋەزنىڭ يۇمران قىسمىدا شۇنىڭدەك مۇبلىك دەرەخ يوپۇرمىقىنىڭ ئارىلىقلىرىدا تور باغلايدۇ، ھەر بىر ئورۇندا بىرىلا تۇرىدۇ. يېتىلگەن ئۆمۈچۈك ياكى كىچىك ئۆمۈچۈك بىر نەرسىدىن ئۈركۈپ كەتسە، يىپەك قويۇپ

www.uyghurkitap.com

ساڭگىلاپ تۇرىدۇ، بەزىدە زىرائەتنىڭ شاخ-يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا، يوپۇرماقلىق يۈزىدە نېپىز قەغەزسىمان، رەتسىز كىچىك تور توقۇيدۇ، ئەمما ئادەتتە تورىدىن ئايرىلىپ ئايلىنىپ يۈرىدۇ. يېتىلگەنلىرىنىڭ ھەر بىرى ھەر كۈنى 12~25 كۆك پىت يەيدۇ، ئەڭ كۆپ بولغاندا 63 كۆك پىت يەيدۇ، بۇنىڭدىن باشقا، كۆممە قوناق كېپىنىكىنىڭ، ئىككى ئەۋلاتلىق كېپىنەكنىڭ، غوزا قۇرۇتىنىڭ لىچىنكىسىنى تۇتۇپ يەيدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** ئۈمۈچۈك خىمىيىۋى دېھقانچىلىق دورىلىرىغا بەك سەزگۈر كېلىدۇ. باشقا زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋە يوقىتىدىغان چاغدا، دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىمكان قەدەر ئاز ئىشلىتىش ياكى ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

## 2. باشقا ئۈمۈچۈكلەر

**1. 8 داغلىق يوغان قوساق ئۈمۈچۈك** تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2~3 مىللىمېتىر كېلىدۇ، كۆپىنچىسى سۇس يېشىل ياكى ئاق، سېرىق بولىدۇ. بېشىدا، كۆكرەك قىسمىنىڭ ئارقا بۆلىكىنىڭ چېك ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇنىغا كەتكەن ساغۇچ قوڭۇر داغ بولىدۇ، دۈمبىسىدە ئۇزۇنىسىغا 2 رەت تىزىلغان 4~5 جۈپ قارا داغ بولىدۇ، قوساق قىسمى كۆپىنچە بۇمۇلاق بولىدۇ. يېتىلگەن چىشىسىنىڭ قوساق قىسمىنىڭ ئۇچىدا شارسىمان ئاق تۇخۇم خالتىسى بولىدۇ، تۇخۇم خالتىسىنىڭ پەردىسى نېپىز بولغاچقا، ئۇنىڭ

ئىچىدىكى تۇخۇمنى كۆرگىلى بولىدۇ (46 ـ رەسىمنىڭ 2 ـ سى)،
زىرائەت ئارىسىدا قالايمىقان، غەلۋىرسىمان ياكى تەخسىسىمان
كىچىك تور ياعلايدۇ.

2. ئۇزۇن پۇتلۇق پىلتە قوساق ئۆمۈچۈك ئەركىكىنىڭ
حۇءى يوغانىراق، ئۇزۇنلۇغى 7 ملللمىتىر بولىدۇ، چىشىسىنىڭ
تېىى 8 مىللىمېتىر، رەڭگى ساغۇچ بولىدۇ. ئۈستۈنكى، تۆۋەنكى
ئىڭگى يەرەققى قىلغان بولىدۇ. قوساق قىسمى ئۇزۇنچاق،
سىلىندىر شەكلىدە بولىدۇ، يىپچە چىقىرىدىغان قاپارتمىسى
قوساق قىسمىنىڭ ئۇچىنىڭ ئاستى تەرىپىگە جايلاشقان بولىدۇ
(46 ـ رەسىمنىڭ 3 ـ سى). زىرائەتنىڭ ياكى مېۋىسىز، مېۋىلىك
دەرەخنىڭ شاخ ـ يوپۇرماقلىرى ئارىسىغا نەكىشى، يۇمۇلاق تور
ياعلاپ، ئۇچۇپ كەلگەن زىيانداش ھاشارەتلەرنى تۇتۇپ
يەيدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ئىككىنچى باپ

## پارازىت ياشايدىغان كۆشەندە ھاشارەتلەر

پارازىت ياشايدىغان كۆشەندە ھاشارەتلەر دىگەندە باشقا زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ تېنىدە پارازىتلاپ، ئۇنىڭ تېنىدىكى سۇيۇقلۇق بىلەن ئوزۇقلىنىپ، زىيانداش ھاشارەتلەرنى ئۆلتۈرىدىغان پارازىت كۆشەندە ھاشارەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ خىل كۆشەندە ھاشارەتلەرنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، ئاساسلىغى پارازىت ھەرە ۋە پارازىت چىۋىندىن ئىبارەت. ھاشارەتشۇناسلىق مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ مۆلچەرلەپ كۆرۈشىچە، پەقەت پەردە قاناتلىقلار ئەترىدىگە كىرىدىغان توقال ھەرە تۈرىدىكى كۆشەندە ھاشارەتلەرلا 1 مىليونغا يېتىدىكەن. بۇ ھازىر بىئولوگىيىلىك ئۇسۇل بىلەن ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىشتا ئەڭ كۆپ بايدىلىنىلىۋاتقان، ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى پارازىت ھەرە. مەسىلەن، قىزىل كۆزلۈك ھەرە ئارقىلىق تۆكلۈك قارىغاي قۇرۇتى، كۆممە قوناق كېپىنىكى، ئالمىدا بولىدىغان يوبۇرماق پەرۋانىسى قاتارلىق ئورمانچىلىقتا، دېخانچىلىقتا زىيان يەتكۈزىدىغان ھاشارەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ھاسىل قىلىندى.

پارازىت باشايدىغان كۆشەندە ھاشارەت زىيانداش ھاشارەت-لەرنىڭ يېتىلىشىدىكى ھەرقايسى مەزگىللەردە، مەسىلەن، تۇخۇم مەزگىلىدە، لىچىنكا (ياش قۇرۇت) مەزگىلىدە قوچاق بولۇش مەزگىلىدە ۋە يېتىلىش مەزگىلىدە پارازىت ياشىيا-لايدۇ، پارازىت ياشايدىغان كۆشەندە ھاشارەتلەرنىڭ ئادىتىمۇ ناھايىتى مۇرەككەپ بولىدۇ، پارازىت ياشاش ئادىتى تۆۋەندىكى-دەك بىرقانچە خىل بولىدۇ.

(1) يەككە پارازىت ياشاش: پارازىت ياشايدىغان بۇ خىل كۆشەندە ھاشارەت پەقەت بىرلا پارازىت خوجايىنى تېنىدە پارازىت ياشايدۇ، مەسىلەن لىخژ چىرپاشىكىسى تۇخۇمى ئادەتتە پەقەت بىرلا تەكشى قوساقلىق كىچىك پارازىت ھەرە تەرىپىدىن پارازىتلىنىدۇ.

(2) ئۆملىشىپ پارازىت ياشاش: بىر پارازىت خوجايىنى شۇ خىلدىكى بىردىن ئارتۇق پارازىت ھاشارەت تەرىپىدىن پارازىت-لىنىدۇ، مەسىلەن، قىزىل غوزا قۇرۇتى نۇرغۇنلىغان كىچىك سىرىق ھەرە تەرىپىدىن بىرلا ۋاقىتتا پارازىتلىنىدۇ.

(3) كۆپ خىل ھاشارەتلەرنىڭ بىللە پارازىت ياششى: بىر پارازىت خوجايىنى ئىككى خىلدىن ئارتۇق پارازىت ھاشارەت تەرىپىدىن پارازىتلىنىدۇ، مەسىلەن، تۆكلۈك قارىغاي قۇرۇتى لىچىنكىسى ئورمانلىقتا كۆپ خىل پارازىت ھەرە تەرىپىدىن پارازىتلىنىدۇ.

(4) تەكرار پارازىتلىنىش: بىر خىل پارازىت خوجايىنى

www.uyghurkitap.com

يەنە بىر خىل پارازىت ھاشارەت تەرىپىدىن پارازىتلىنىدۇ، لېكىن بۇ خىل پارازىت ھاشارەت يەنە بىر خىل پارازىت ھاشارەت تەرىپىدىن پارازىتلىنىدۇ، بۇنداق ھادىسە تەكرار پارازىتلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ. بىرىنچى قېتىم پارازىتلىنىش باشلانغۇچ پارازىتلىنىش ياكى بىر قېتىم پارازىتلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى قېتىم پارازىتلىنىش ئىككى قېتىم پارازىتلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى قېتىم پارازىتلانغان ھاشارەت ئۈچىنچى قېتىم پارازىت ھاشارەت تەرىپىدىن پارازىتلانسا، بۇ ئۈچ قېتىم پارازىتلىنىش ياكى كۆپ قېتىم پارازىتلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ.

(5) تەن سىرتىدا پارازىتلاش: بىر خىل پارازىت ھاشارەت پارازىت خوجايىنىنىڭ تېنى سىرتىدا تۇرۇپ ئوزۇقلىنىدۇ. مەسىلەن، كېۋەز پىتىنىڭ تېنىدە پارازىت سالجىدىن بىرقانچىسى ھەتتا بىرقانچە ئونى پارازىتلايدۇ.

(6) تەن ئىچىدە پارازىتلاش: بۇنداق پارازىت ھاشارەت ئۆزىنىڭ تۇخۇمىنى پارازىت خوجايىنىنىڭ تېنى ئىچىگە تۇغىدۇ، لىچىنكىسى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن پارازىت خوجايىنىنىڭ تېنىدە تۇرۇپ ئوزۇقلىنىدۇ، ئۇنىڭ يېتىلىش جەريانىدا، پارازىت خوجايىنى ئاستا-ئاستا ئۆلىدۇ. بەزىلىرى پارازىت خوجايىنىنى ئاۋال ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۇنىڭ تېنىدە داۋاملىق ئوزۇقلىنىپ يېتىلىدۇ. بەزىلىرى پارازىت خوجايىنىنىڭ تېنى سىرتىغا تۇخۇم تۇغىدۇ، لىچىنكىسى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن پارازىت خوجايىنىنىڭ تېنىگە تېشىپ كىرىپ ئوزۇقلىنىپ، پارازىت خوجا-

بىسىنى ئۆلتۈرىدۇ.

(7) ئۆز تۈرىدىكىلەرنىڭ تېنىدە پارازىتلاش: بىر خىل پارازىت ھاشارەت ئۆز تۈرىدىكى ھاشارەتنىڭ تېنىدە پارازىتلايدۇ.

# 1. پارازىت ھەرىلەر

پارازىت ھەرىلەر باشقا ھاشارەتلەرنىڭ تېنىدە پارازىتلايدىغان ھەرىلەردۇر. ئۇلار بىئولوگىيىلىك ئالدىنى ئېلىش-يوقىتىش جەھەتتە ھاشارەتنى ھاشارەت ئارقىلىق يوقىتىشتا خېلى كەڭ قوللىنىلىۋاتقان، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم بېرىدىغان مۇھىم كۆشەندە ھاشارەت. مەسىلەن، قىزىل كۆزلۈك ھەرە ئارقىلىق كۆممە قوناق كېپىنىكى، ئالمىدا بولىدىغان يوپۇرماق پەرۋانىسى، تۈكلۈك قارىغاي قۇرۇتى قاتارلىقلارنى يوقىتىشتا ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىۋاتىدۇ، بەزى جايلار بۇ ئۇسۇلنى كەڭ كۆلەمدە قوللىنىپ ئومۇملاشتۇرۇۋاتىدۇ. بەزى جايلار سۇنئى كۆپەيتىشتىن ئاپتوماتلاشقان زاۋۇتتا ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆتتى.

پارازىت ھەرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، ھازىرغىچە مەلۇم بولغان تۈرى 15 مىڭ خىلدىن ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ پارازىت ياشاش ئادەتلىرىمۇ ئوخشاش ئەمەس. بەزى پارازىت ھەرىلەر تۇخۇمىنى باشقا ھاشارەتلەرنىڭ تۇخۇمى ئىچىگە تۇغىدۇ، لىچىنكىسى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن، شۇ تۇخۇم ئىچىدىكى

www.uyghurkitap.com

ئوزۇقلۇق ماددىلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ ھەمدە شۇ تۇخۇمنىڭ
ئىچىدە يېتىلىپ چوڭ بولىدۇ، ئاندىن كېيىن تۇخۇمنى يېرىپ
چىقىپ، يەنە باشقىدىن پارازىتلايدۇ. بەزى پارازىت ھەرىلەر
باشقا ھاشارەتلەرنىڭ لىچىنكىسى ياكى قوچقىغا تۇخۇم تۇغىدۇ،
لىچىنكىسى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن شۇ ئورگانىزىمدا
ئوزۇقلىنىدۇ. پارازىتلانغان لىچىنكا ئۆزىنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىڭ
پارازىت ھەرە تەرىپىدىن يېيىلىپ بىرىشىغا ئەگىشىپ
ئاستا-ئاستا قورۇلۇپ، كىچىكلەپ ئۆلىدۇ. پارازىت ھەرىنىڭ
لىچىنكىسى بولسا يېتىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تېنىنى تېشىپ
چىقىدۇ ياكى پارازىتلانغان ئورگانىزىم ئىچىدە تۇرۇپ غوزەك
ھاسىل قىلىپ قوچاققا ئايلىنىدۇ، كېپىنەككە ئايلانغاندىن كېيىن
ئۇچۇپ چىقىدۇ. بەزىدە پارازىتلانغان لىچىنكا بۇرۇنقىدەكلا
نورمال قوچاققا ئايلانسىمۇ، لېكىن پارازىت ھەرىنىڭ ئوزۇقلى-
نىشى نەتىجىسىدە قۇرۇپ قېتىپ قالىدۇ-دە، قوسىقىنى مىدىر-
لىتالمايدۇ. پارازىت ھەرىنىڭ لىچىنكىسى قوڭغۇز ۋە باشقا
يېتىلگەن ھاشارەتلەرنىڭ تېنىنى تېشىپ چىققاندىن كېيىن،
ئاندىن ئۇ ھاشارەتلەر ئۆلىدۇ. پارازىتلانغانلىقى تۇخۇم، لىچىنكا،
قوچاق يېرىم يولدا ئۆلىدۇ.

پارازىت ھەرىنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى گۈل چېچىكى ۋە گۈل
شىرىسى بىلەن قوشۇمچە ئوزۇقلىنىدۇ. ئەمما ھەرە تۈرىدىكىلەر-
نىڭ بەزىلىرى خۇسۇسەن ئۇششاق ھەرىلەر پەيدا بولغان
چاغدىلا تۇخۇمىمۇ يېتىلگەن بولىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئورۇققا زادىلا

مۇھتاج ئەمەس، ئازغىنە شەبنەم سۈيى ئىچسىلا بولىدۇ، چوڭ پارازىت ھەرىلەر پارازىت خوجايىنىنىڭ تېنىگە ئادەتتە پەقەت بىرلا تۇخۇم تۇغىدۇ، كىچىكرەك پارازىت ھەرىلەر بولسا بىرنەچچە تۇخۇم تۇغىدۇ، شۇڭا بىر ھاشارەتنىڭ تېنىدە يارازىت ھەرىسىنىڭ بىرقانچە ياكى خېلى كۆپ لىچىنكىسى بېتىلىدۇ. ئەمما يەنە بەزى يارازىت ھەرىلەر گەرچە پارازىت خوجايىنىنىڭ تېنىگە بىرلا تۇخۇم تۇقىفان بىلەن، بۇ تۇخۇم ئۆز ئۆزىدىن بۆلۈنۈپ، نۇرغۇنلىغان يېكى مۇستەقىل بەككە تەنچە ھاسىل قىلىپ، نۇرغۇنلىغان ئەۋلات بولۇپ يېتىلىدۇ.

## 1. قىزىل كۆزلۈك ھەرە

قىزىل كۆزلۈك ھەرە بىئولوگىيىلىك ئۇسۇل بىلەن ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا خېلى كەڭ تۈردە پايدىلىنىلىۋاتقان، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم بېرىدىغان بىر خىل تۇخۇم پارازىت ھەرىسى. ئۇلار زىيانداش ھاشارەتلەرنى تېخى تۇخۇمىدىن چىقمىغان، زىيان يەتكۈزمىگەن جاغدىلا يوقىتالايدۇ، مەملىكىتىمىزدە كۆممە قوناق كېپىنىگى، تۈكلۈك فارىغاي قۇرۇتى، شېكەر قومۇچى كېپىنىگى، ئالمىدا بولىدىغان يوپۇرماق پەرۋانىسى، شال كېپىنىگى، كېۋەزدە بولىدىغان قىزىل كۆسەك قۇرۇتى، پۇرچاق كېپىنىگى قاتارلىق زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشتا ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. ئەسلىدە قىزىل كۆزلۈك ھەرىنى كىچىك دائىرىدە ــ ئۆيدە سۈنئىي ھالدا

كۆپەيتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ كەلگەن ئىدى، ئەمەلىيەتتە كەك دائىرىدە — دالىدا تېرىپ ئاۋۇتۇشنىڭ، تارقاق تۇخۇملىتىپ ئاۋۇتۇشنىڭ، بەلگىلەنگەن نۇقتىلاردا تۇخۇملىتىشنىڭ، تۇخۇملىرىنى خىمىيىۋى ئۇسۇل بىلەن ئاسراشنىڭ يېڭى ھۈنەر ـ سەنئىتى، يېڭى تېخنىكىسى بارلىققا كەلدى، نەتىجىدە، زىياندىش ھاشارەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش ئۇسۇلى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلدى، شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۇسۇلنى كۆپ، تېز، ياخشى، تېجەشلىك ھالدا كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىپ قوللىنىش مۇمكىن بولدى، ئەمما قانداق قىلىپ پارازىت خوجايىنىنىڭ تۇخۇمى بىلەن تولۇق تەمىنلەش جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا. بەزى ئورۇنلار سۈنئىي تۇخۇم ياساشنى تەتقىق قىلىۋاتىدۇ، ئەگەر بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىنسا، قىزىل كۆزلۈك ھەرىدىن كەڭ كۆلەمدە پايدىلىنىشنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى** بىتلىگەنلىرىنىڭ جۇغى بەك كىچىك، ئۇزۇنلۇغى تەخمىنەن 0.3~1.0 مىللىمېتىر بولۇپ، رەڭگى ساغۇچ قوڭۇر كېلىدۇ، پارقىراپ تۇرىدۇ. قوچىقىنىڭ ۋە يېتىلگىنىنىڭ مۇرەككەپ كۆزىمۇ، ئاددىي كۆزىمۇ قىزىل بولىدۇ، شۇڭا قىزىل كۆزلۈك ھەرە دەپ ئاتىلىدۇ. قانىتى سۈزۈك بولىدۇ، ئالدى قانىتى چوڭ، ئارقا قانىتى كىچىك. قانات تومۇرى سىرىدى بولىدۇ. قانىتىنىڭ چۆرىسىدە ئىنچىكە ئۇزۇن پۆيەكسىمان تۈك بولىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭ تۈۋەيدىكى بىرقانچە خىل كۆپ-

رەك ئۇچرايدۇ، يېتىلگەنلىرىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى مۇنداق:

كۆممە قوناق كېپىنىگىنىڭ قىزىل كۆزلۈك سېرىق ھەرىسى: تېنى سېرىق، دۈلىسى ۋە قوساق قىسمى قوڭۇر بولىدۇ. چىشىسىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 0.43~0.56 مىللىمېتىر، ئەركىگىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 0.35~0.42 مىللىمېتىر بولىدۇ. كۆممە قوناق كېپىنىگى، شال كېپىنىگى ۋە ئىككى ئەۋلاتلىق كېپىنەكلەردە پارازىت ياشايدۇ (47-رەسىمنىڭ 4-سى).




47-رەسىم قىزىل كۆزلۈك ھەرە

1. تۈكلۈك قارىغاي قۇرۇتىنىڭ قىزىل كۆزلۈك ھەرىسى 2. چوڭ قىزىل كۆزلۈك ھەرە 3. شال كېپىنىگىنىڭ قىزىل كۆزلۈك ھەرىسى 4. كۆممە قوناق كېپىنىگىنىڭ قىزىل كۆزلۈك ھەرىسى

چوڭ قىزىل كۆزلۈك ھەرە: كۆكرىگى ساغۇچ، قوساق قىسمى قوڭۇر، يول-يول سىزىق بىلەن چۈرىدەلگەن بولىدۇ، كەسكەك، كاپۇستا پەرۋانىسى، كاپۇستا كېپىنىگى، پەرۋانە، كېپىنەك قۇرۇتى، ئالما قۇرۇتى، قاتارلىقلاردا پارازىت ياشايدۇ (47-رەسىمنىڭ 2-سى).

تۈكلۈك قارىغاي قۇرۇتىنىڭ قىزىل كۆزلۈك ھەرىسى: رەڭگى سېرىق، ئۇزۇنلۇغى 0.4~0.7 مىللىمېتىر بولىدۇ. تۈكلۈك قارىغاي قۇرۇتى، شال كېپىنىگى قاتارلىقلاردا پارازىت ياشايدۇ (47-رەسىمنىڭ

www.uyghurkitap.com

1 ـ سى).

شال كېپىنگىنىڭ قىزىل كۆزلۈك ھەرىسى: رەڭگى قارا قوڭۇر بولىدۇ. ئەركىكىنىڭ ئالدى قانىتىدا رەتلىك تىزىلغان تۈك بولىدۇ، قانىتىنىڭ قىرغىقىدا ئۇزۇن تۈكلەر بولىدۇ. شال كېپىنگىدە پارازىت ياشايدۇ (47 ـ رەسىمنىڭ 3 ـ سى).

قولۋاق پەرۋانىسىنىڭ قىزىل كۆزلۈك ھەرىسى: رەڭگى سېرىق بولۇپ، ئاق تېرەكنىڭ قولۋاقسىمان پەرۋانىسى، قوش قۇيرۇقلۇق قولۋاقسىمان پەرۋانە، تېرەكنىڭ قوڭۇر رەڭلىك كىچىك قولۋاقسىمان پەرۋانىسى، تېرەكتە بولىدىغان سېرىق يوپۇرماق كېپىنگى قاتارلىقلاردا پارازىت ياشايدۇ.

**ياشاش ئادىتى** قىزىل كۆزلۈك پارازىت ھەرە تۇخۇم، لىچىنكا، قوچاقتىن ئىبارەت 3 دەۋرنى پۈتۈنلەي پارازىت خوجايىنىنىڭ تۇخۇمى ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. سۈنئى يېرسۇدا كونتىرول قىلىنغان شارائىتتا. ھەر يىلى تەخمىنەن 50 ئەۋلات قالدۇرىدۇ. شىمالىي تەرەپتە ھەر يىلى 12~15 ئەۋلات قالدۇرىدۇ، ھەر بىر ئەۋلادىنىڭ ۋاقتى 6~30 كۈن بولىدۇ. ئادەتتە قىزىل كۆزلۈك ھەرە جۈپلىشىپ كۆپىيىدۇ. لېكىن چىشىسى جۈپلەشمەيمۇ ئەۋلات قالدۇرالايدۇ.

شىمالىي رايونلارنىڭ تەبىئى شارائىتىدا، ئادەتتە قىزىل كۆزلۈك ھەرە پارازىت خوجايىنىنىڭ تۇخۇمى ئىچىدە تەييارلىق قوچاق ھالىتىدە قىشلايدۇ. كېيىنكى يىلى باھاردا بېتىلىپ چىقىپ، جۈپلىشىپ تۇخۇم تۇغىدۇ. تۇخۇملايدىغان چاغدا،

چېچىسى ئالدى بىلەن سەزگۈ بۇرۇتى ئارقىلىق ھاشارەت تۇخۇ-
مىنى چېكىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى بىر دەم ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئان-
دىن ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قوسىقىنىڭ ئۇچىنى كۆپ قېتىم
تۇخۇم تۇغىدىغاندەك قىلىپ سىناپ كۆرىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن
تۇخۇم تۇغىدۇ. قىزىل كۆزلۈك ھەرە تۇغقانلىقى تۇخۇم قارد-
داب كېتىدۇ. تەخمىنەن 10 كۈندىن كېيىن بالىسى يېتىلىپ
تۇخۇمنى يېرىپ چىقىدۇ. يېتىلگىنى تۇرغا ئېتىلىدۇ، شامالنىڭ
تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرايدۇ. تۇخۇمىنىڭ سانى شۇ ھەرىلەرنىڭ
تۈرىگە قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ، ئادەتتە 10 نەچچىدىن تارتىپ
100 نەچچىگىچە بولىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** قىزىل كۆزلۈك ھەرىنىڭ نەسلى
شارائىتتىكى سانى ھامان زىيانداش ھاشارەت سانىنىڭ ئۆزگىرى-
شىگە قاراپ ئۇقۇرى ئۆرلەيدۇ ياكى تۆۋەنلەيدۇ. تەبىئى شارا-
ئىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، زىيانداش ھاشارەتنى يوقىتىش
مەقسىدىگە يەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا، سۈنئىي باردەم ئارقىلىق
قىزىل كۆزلۈك ھەرىنىڭ سانىنى زىيانداش ھاشارەت سانىدىن
يالدۇر ئاشۇرۇۋېتىش كېرەك. بۇنداق قىلىش ئۈچۈن، سۈنئىي
ھالدا كۆپەيتىپ قويۇپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ھازىر ئاساسەن
تۆۋەندىكى 4 خىل ئۇسۇل قوللىنىلماقتا:

1) كۈز پەسلىدە يىغىش: كۈز پەسلىدە ئېتىزلاردىن، ئور-
مانلىقتىن، مېۋىلىك دەرەختىن بارازىت خوجايىنىنىڭ تۇخۇمىنى
يىغىپ كېلىپ، ئۇنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئانا

ھەرىنىڭ باشلانغۇچ. تۇرى قىلىش، ياكى پارازىت خوجايىنىنىڭ يېڭى تۇخۇمىنى تۇخۇم تەۋىنىگە سېلىپ ھەرە ئەك كۆپ بولىد- دىغان ئېتىز، مېۋىلىك دەرەخ ۋە ئورمانلىقتا ئېسىپ قويۇش، بەزىدە تۇخۇمنى يوپۇرماققا يېپىشتۇرۇپ، ھەرىنى پارازىتلاشقا ھەلپ قىلىش، بىرقانچە كۈندىن كېيىن، پارازىت خوجايىنىنىڭ تۇخۇمىنى يىغىۋېلىش لازىم. ئۆيدە مۇشۇنداق بىرقانچە ئەۋلات كۆپەيتكەندە، ئۇنى ساقلاپ قىشلاتقىلى بولىدۇ.

2) قىشتا ساقلاش: قىزىل كۆزلۈك ھەرە ئادەتتە 10°C تىن تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا پېتىلىشنى توختىتىدۇ، لىچىنكىسى ئوتتۇرا مەزگىلدە، ئاخىرقى مەزگىلدە 4°C — 1 لۇق شارائىتتا سوۋۇق ساقلانسا، ئۇنىڭ ئۇنۇمى ياخشى بولىدۇ. خېنەن ئۆلكىسىدە ئۆينىڭ سىرتىدىكى ئەسكەي جاينىڭ تېمپېراتۇرىسى ئادەتتە 11-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 3-ئاينىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا 10°C تىن تۆۋەن بولىدۇ، شۇڭا، ھەرىنى 11-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە كۆپەيتكىلى بولىدۇ، ھەرە تەۋىنىنى سۇلياۋ خالتىغا قاچىلاپ، ياخال بىلەن بوغۇپ، سىرتتىكى ئەسكەي جايدا قويۇلغان رەجەكلىك ساندۇققا سېلىپ، 160 كۈن ساقلاپ، ئىككىنچى يىلى باھاردا يەنە كۆپەيتسە بولىدۇ. ساقلانغان ئورۇقلۇق ھەرىسى 1-ئايدا بىر قېتىم كۆپەيتىنوبىلىپ. يەنە داۋاملىق ساقلىسىمۇ بولىدۇ.

3) ئەتىيازدا كۆپەيتىش: ئالدىنى ئالىدىغان، يوقىتىدىغان ئوبيېكتقا ئاساسەن، ئەتىيازدا تازا كۆپەيتىپ. ئېھتىياجلىق ساند-

غىچە توپلاپ بەلگىلىك مۇددەت بويىچە قويۇپ بېرىش لازىم.

4) يازدا قويۇپ بېرىش: ھەرە قويۇپ بېرىدىغان ۋاقىت زىيانداش ھاشارەت چىقىدىغان ۋاقىتقا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. ئادەتتە، ئېتىزدىكى ھاشارەت تۇخۇمى كۆپىيىشكە باشلىغاندا بىرىنچى تۈركۈم ھەرە قويۇپ بېرىلىدۇ، تۇخۇم تازا كۆپىيىشكە باشلىغان ۋاقىتتىن تارتىپ ئاخىرلىشىشقا باشلىغان ۋاقىتقىچە بولغان ئارىلىقتا كۆپلەپ قويۇپ بېرىلىدۇ. قىزىل كۆزلۈك ھەرىنىڭ ھەرىكەتلىنىش ئىقتىدارىغا ئاساسەن، نۇقتىلاردىن ئومۇمىي دائىرىگە يۇمۇلاق شەكىلدە تارقىلىدۇ، ئۈنۈملۈك رادىئۇسى 17 مېتىر بولغاندا، 10 مېتىر دائىرە ئىچىدە ھەرىنىڭ پارازىتلاش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭا ئېتىزدا ھەرىنى ئۈچ بۇرجەكلىك نۇقتا بويىچە قويۇپ بېرىش خېلى مۇۋاپىق بولىدۇ. ھەرە ھەرىكەتلىنىدىغان دائىرىنىڭ رادىئۇسىنى 10 مېتىر دەپ ھېسابلىغاندا، ھەر بىر نۇقتىدىكى تارقىلىش كۆلىمى $314m^2$ بولىدۇ. كەڭ كۆلەملىك يەرلەر بويىچە ھەرە قويۇپ بېرىشتە ھەر مو يەرگە 2،5 نۇقتا ئورۇنلاشتۇرۇلسىلا بولىدۇ، ھەرە قويۇپ بېرىش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئادەتتە ھەر مو يەرگە 4~5 نۇقتا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بىر خىل زىيانداش ھاشارەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۈنۈم يوقىتىش ئۈچۈن، ئادەتتە 3~5 قېتىم قويۇپ بېرىلىدۇ. ھەر نۆۋەتتە 10,000~15,000 دانە قويۇپ بېرىلىدۇ. قويۇپ بېرىش ئۇسۇلى ھەر خىل بولىدۇ. بەزىدە تۇخۇم نەۋىكىنى بامبۇك نەيچىسى ئىچىگە سېلىپ،

ئاغزىنى سۇلياۋ يىپ بىلەن جىگىپ، دەرەخ شىخىغا ياكى باغاچقا باغلاپ قويسىمۇ بولىدۇ. بەزىدە تۇخۇم تەۋىكىسى ئۇزۇن پارچە قىلىپ يىرتىپ، دەرەخنىڭ ياكى زىرائەتنىڭ بوغۇرمىغىغا يۆگەپ، ئادىدىن يىڭنە بىلەن ئىلىپ قويسىمۇ بولىدۇ. ھەر قويۇپ بېرىدىغان جاغدا، قويۇپ بېرىلىدىغان رايوننىڭ 100~200 مېتر سىرتىدا سېلىشتۇرما رايون ئەرپا قىلىش ياكى ئوتتۇرىدىن 50 موچە يەرنى قالدۇرۇپ، سېلىشتۇرما رايون قىلىش لازىم. ئادەتتە ھەر قويۇپ بېرىلىپ 7 كۈندىن كېيىن، ھەر قويۇپ بېرىلگەن رايون بىلەن سېلىشتۇرما رايوندا تۇخۇمنىڭ پارازىتلىنىش نىسبىتى تەكشۈرۈلۈپ، ئۈنۈمى ھىساپلاپ چىقىلىدۇ (پارازىتلانغان تۇخۇمنىڭ ھەممىسى قارابىغان بولىدۇ). بەزىدە، پارازىت خوجايىنىنىڭ تۇخۇمى تارقاق بولغاچقا، ئاسان تەكشۈرگىلى بولمايدۇ، بونداق ئەھۋال ئاستىدا ھەر قويۇپ بېرىشنىڭ نەتىجىسىنى ھەر قويۇپ بېرىلگەن رايون بىلەن سېلىشتۇرما رايوندىكى ئاسراپ قېلىنغان مايسىنىڭ ياكى ئاسراپ قېلىنغان مېۋىنىڭ نىسبىتىنى شۇنىڭدەك مەھسۇلاتنىڭ مىقدارىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرسىمۇ بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، خىمىيىۋى دىخانچىلىق دورىلىرى قىزىل كۆزلۈك ھەرىسىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆلتۈرىدۇ. شۇڭا، خىمىيىۋى دىخانچىلىق دورىلىرىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىپ، دورا چېچىش تېخنىكىسىنى ياخشىلاپ، ھەر تەرەپلىمە ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش ئۇسۇلىنى

فوللىسىپ، كۆسىدە ھاشارەتـلەرنىڭ زەھەرلىسىدىن مۇمكىن قەدەر ساقلىنىش لازىم.

## 2. كىچىك سېرىق ھەرە

كىچىك سېرىق ھەرە دەسلەپ 1955 ــ يىلى جۇڭگو ئۆلكىسىدىكى ۋۇخاڭ دېگەن يەردىن تېپىلغان. بۇ ھەرە ئارقىلىق باخبا ئىسكىلاتىدا قىشلايدىغان قىزىل كۆسەك قۇرۇتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش تەجرىبىسى 1960 ــ يىلىدىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا كېڭەيتىلگەن. كىچىك سېرىق ھەرە ئارقىلىق قىزىل كۆسەك قۇرۇتىنى يوقىتىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىشى ئېلىپ بېرىلغان باخبا ئىسكىلاتىنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا كۆزەز چېچەكنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى 75% ئازايغان. 10 نەچچە يىلدىن بۇيان، بۇ جەل ھەرە 10 نەچچە ئۆلكە، شەھەردە ئىشقا سېلىنىپ، قىزىل كۆسەك قۇرۇتىنى چەكلەشتە كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىگى** يېتىلگىنى كۆكۈش قارا بولىدۇ، بارقىراپ تۇرىدۇ. بەدىنىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 2.5 مىللىمېتىر بولىدۇ. ئەركىگىنىڭ قورساق قىسمىنىڭ 1 ــ بوغۇمى بىلەن 2 ــ بوغۇمىنىڭ ئارىلىغى سېرىق بولىدۇ. بوغۇمىنىڭ شەكلى يىپدەك بولىدۇ. رەڭگى ئاق بولىدۇ. لىچىنكىسى جۇۋىنى قۇرۇتى شەكلىدە، قوجىغى ئاچ سېرىق بولىدۇ (48 ــ رەسىم).

**ياشاش ئادىتى** ھەر يىلى 11~12 ئەۋلاد قالدۇرىدۇ

لىچىنكىسى، قوچىغى پاختا ئىسكىلاتى فاتارلىق جايلاردىكى قىزىل كۆسەك قۇرۇتىنىڭ غوزىكى ئىچىدە قىشلايدۇ. كېيىنكى يىلى 3-ئاينىڭ ئوتتۇرى-لىرى ۋە ئاخىرلىرىدىن 4-ئاينىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا قوجاقتا ئايلىنىپ، يېتىلىپ چىقىدۇ، نۇرغا ئىنتىلىدۇ، سەكرىبەلەيدۇ، ئۆمىلە-مەلەيدۇ، ئۇچالايدۇ. تۇخۇملاش-تىن بۇرۇن، تۇغۇش ئەزاسىنى هاشارەتنىڭ تېنىگە سانجىپ، ئۇنى بىھوش قىلىپ، شوراش نەيچىسىنى يېتىلدۇرۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ تېنىدىكى سۇيۇقلۇقنى ئازراق شوراپ، قوشۇمچە ئوزۇقلۇق تولۇقلاپ، ئاندىن تۇخۇملايدۇ. هەر قېتىمدا 3~5 دانە تۇخۇم تۇغىدۇ. داۋاملىق تۇردە 2~3 قېتىم تۇغىدۇ. هەر بىر قىزىل كۆسەك قۇرۇتىنىڭ تېنىگە 10~30 تۇخۇم تۇغىدۇ. چىشى-سىنىڭ هەر بىرى 5~10 قىزىل كۆسەك قۇرۇتىنىڭ تېنىگە تۇغىدۇ. لىچىنكىسى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن قىزىل كۆسەك قۇرۇتىنىڭ لىچىنكىسىنىڭ تېنىدىكى سۇيۇقلۇقىنى سوراپ، ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ. لىچىنكىسى قېرىغاندىن كېيىن، قىزىل كۆسەك قۇرۇ-تىنىڭ تېنىدە تۇرۇپ قوجاقتا ئايلىنىدۇ.



48-رەسىم كىچىك سېرىق هەرە

1. يېتىلگىنى 2. لىچىنكىسى 3. يېتىلگىنىنىڭ قىزىل كۆسەك قۇرۇتىنىڭ لىچىنكىسىنىڭ تېنىگە تۇخۇملىشى

ئاسراش ۋە پايدىلىنىش كىچىك سىبىرىيە ھەرە ئارقىلىق، كېۋەزدە بولىدىغان قىزىل كۆسەك قۇرۇتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشتا كېۋەز يىغىدىغان چاغدا قىزىل كۆسەك قۇرۇ- تىنىڭ قىشلايدىغان غوزىگىنى كۆپلەپ يىغىۋېلىپ، ئۆيدە ساق- لاپ، ھەر يىلى 12-ئايدىن كېيىنكى يىلى 3-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا ئاستىدا سۈنئىي كۆپەيتىش كېرەك. ئۆينىڭ تېمپېراتۇرىسى 18-25°C، نەملىكىنى %70 قىلىپ ساقلاش كېرەك. مۇشۇنداق تېمپېراتۇرا، نەملىك شارائىتىدا، تۇخۇم مەزگىلى 4~5 كۈن، لىچىنكا مەزگىلى 8~10 كۈن. قوچاق مەزگىلى 8~9 كۈن بولىدۇ. قوچاقتىن چىققان جىنسىي- نىڭ ئۇرۇغىنى يۇقتۇرسا بولىۋېرىدۇ، چىشىسىنىڭ ھەر بىرى 5 غوزەككە ئۇرۇق يۇقتۇرىدۇ. ھەرە قويۇپ بېرىلىدىغان ۋاقىتتا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھەرە ئۇرۇغى يۇقتۇرۇلغان غوزەكنى 5~8°C لۇق مۇزلىتىش ئىسكاۋىدا ساقلاپ، كىچىك ھەرىنىڭ يېتىلىشىنى چەكلەش كېرەك. خېنەن ئۆلكىسىدە ئادەتتە 4- ئاينىڭ باشلىرىدا ۋە ئوتتۇرىلىرىدا ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 14°C تىن ئاشقاندا، ھەرە قويۇپ بېرىلىدۇ. قويۇپ بېرىدىغان چاغدا، قوچاقتىن چىققان ھەرىنى كونۇۋېرت ئىچىگە سېلىپ، ئاغزىنى ئېتىپ، پاختا ئېتىزلىقىغا ئەكىرىپ، ئاندا ئېچىپ كونۇۋېرتنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قويسىلا بولىدۇ.

## 3. تەكشى قوساقلىق كىچىك ھەرە

تەكشى قوساقلىق كىچىك ھەرە، مەسىلەن، تۆكلۈك فارىغاي

www.uyghurkitap.com

فورۇسى، چوڭ يېشىل چىرپاشكا، كېپىنەك، ئىمەن تەكشى ئابدىملىك تەكنى، كامپارا تەكنى قاتارلىق كۆپ خىل ھاشا رەتنىڭ تۇخۇمىدا پارازىت ياشايدۇ. گۋاڭدۇڭ ئۆلكىسى بۇ ھەرە ئارقىلىق ئاپېلسىن، لىچى چىرپاشكىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشتا ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، كەڭ كۆلەملىك يەرلەر بويىچە ئومۇملاش-تۇرماقتا.



49 ـ رەسىم تەكشى قوساقلىق كىچىك ھەرە

## تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى

جىنسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 مىللىمېتىرچە، رەڭگى قارامتۇل تۆگۈس بولىدۇ. ئالدى قانىتى قېنىق ساغۇچ قوڭۇر. سۇزۇك بولىدۇ. ئوتتۇرىسىدا توغرىسىغا سوزۇلغان سۇزۇك ئەگرى سىزىق بولىدۇ. قوساق قىسمى قارا بولىدۇ. قولتۇقىدا ھالقىسىمان ئاق سىزىق بولىدۇ. ئەركىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 مىللىمېتىر. قانىتى پۈتۈنلەي سۇزۇك بولىدۇ، قوساق قىسمىنىڭ شەكلى نەشپۈتسىمان، ئۇچى تەكشى، تۇخۇمى سوقىچاق يۇمۇلاق بولىدۇ. بىر تەرىپىدە ئۇرۇن سېپى بولىدۇ، لىچىنكىسىنىڭ رەڭگى ئاق، ئالدى تەرىپى چوڭ بولۇپ، بارغانسېرى ئىنچىكىلەپ بارىدۇ. قوساق قىسمىنىڭ ئۇچىدا ئۇزۇن ئۇچلۇق ئاچىمىقى بولىدۇ. قونچىقى سۇس قوڭۇر بولىدۇ (49 ـ رەسىم).

**ياشاش ئادىتى** يېتىلگەنلىرى دالىلاردا گۈل شىرنىسى

بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، تۇخۇم شاكىلىنى يېرىپ تۇخۇم ئىچىدىكى ئوزۇقلۇق بىلەنمۇ ئوزۇقلىنىدۇ. چىشىسى 80 كۈندىن كۆپرەك ياشىيالايدۇ. ئۇ تۇخۇم ھەرىسى ئىچىدە ئۆمرى ئەڭ ئۇزۇن بولغان بىر خىل ھەرە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ڕۆجەكلىك ساندۇق ئىچىدە ھەر يىلى 8 ئەۋلاد قالدۇرالايدۇ، نەييارلىق قوچىقى قىشلايدۇ. يېتىلگەنلىرى دالىدىمۇ قىشلايدۇ. تۇخۇملاش مەزگىلى بىر ئاي ئەتراپىدا بولىدۇ. ھەر بىر پارازىت خوجايىنىنىڭ تۇخۇمىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىرلا ھەرە چىقىدۇ، ئايرىملىرىدىن 2~3 تىچىنكا چىقىدۇ. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 228.2 دانە تۇخۇم تۇغىدۇ. ھەر كۈنى 5.7 دانىدىن تۇخۇم تۇغىدۇ. ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 11.3 دانە تۇخۇم تۇغىدۇ. ئۇنىڭغا 25 — 30°C تېمپېراتۇرا، 80% نەملىك مۇۋاپىق كېلىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** قىزىل كۆزلۈك تۇخۇم ھەرىسىگە ئوخشاش.

## 4. پوستلاقخورنىڭ كىچىك سېرىق ھەرىسى

پوستلاقخورنىڭ كىچىك سېرىق ھەرىسى 8 جىنسلىق پوستلاقخورنىڭ ۋە باشقا پوستلاقخورلارنىڭ بىر خىل پارازىت ھەرىسى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، پارازىتلاش نىسبىتى 40~60 پىرسەنتكە ھەتتا 80 پىرسەنتكە يېتىدىكەن. دۆلىتىمىزدە بۇ تېخى ئېنىقلانغىنى يوق.

www.uyghurkitap.com

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى** يېتىلگىنى كىچىك، رەڭگى قارا بولىدۇ، يارقىراپ تۇرىدۇ. لىچىنكىسى ئاپپاق، چىۋىن قۇرۇتى شەكلىدە بولىدۇ (50 ـ رەسىم).



50 ـ رەسىم پوستلاقخورنىڭ كىچىك سېرىق ھەرىسى

1. يېتىلگىنىنىڭ 8 ھەسسىلىك پوستلاقخورغا تۇخۇم تۇغۇشى
2. 8 ھەسسىلىك پوستلاقخوردا پارازىت ياشىغان ھەرە چىقىپ كەتكەن تۆشۈك

**ياشاش ئادىتى** بۇ ھەرە سوۋېت ئىتتىپاقىدا يىلىغا 2 ئەۋلاد قالدۇرىدۇ، 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ لىچىنكىسى يېتىلىپ چىقىدۇ. پوستلاقخور دەرەخ قوۋزىقىنى يەۋاتقان چاغدا، كىچىك سېرىق ھەرە ئۇنىڭ تېنىگە بىر دانە تۇخۇم تۇغىدۇ. پارازىتلانغان پوستلاقخور ئادەتتە دەرەخ قوۋزىقىدىن قېتىغا كىرىۋالىدۇ، لىچىنكا تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى سۇيۇقلۇق بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، تەخمىنەن بىر ئايدىن كېيىن يېتىلىپ، پوستلاقخورنىڭ تېنىنى تېشىپ چىقىپ كېتىدۇ. پارازىتلانغان پوستلاقخور دەرەخنىڭ غولىدىكى يول ئىچىدە ئۆلىدۇ. پوستلاقخورنىڭ بېشى، كۆكرىكى گەۋدىسىدىن ئايرىلغان چاغدا، ئۇنىڭ تېنىدە پوستلاقخور كىچىك سېرىق ھەرىسىنىڭ لىچىنكىسى بار بولسا، پوستلاقخور پارازىتلانغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىچىك سېرىق ھەرىنىڭ لىچىنكىسى دەرەخ غولىدىكى يول ئارقىلىق سىرتقا چىقىپمۇ كېتىدۇ.

ئاسراش ۋە پايدىلىنىش ئورمانلىقلىنىڭ پوسىلاقىخور بار جايلىرىدا ئالدى بىلەن تەكشۈرۈش ـ نەتىقىنى قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بۇ ھەرىنىڭ بارلىقى سېزىلگەن ھامان، سۈنئىي يول بىلەن كۆپەيتىپ قويۇپ بېرىپ ياكى چەت ئەللەردىن كىرگۈزۈپ يەرلىكلەشتۈرۈپ، ئاندىن تازا كۆپەيتىپ قويۇپ بەرسىمۇ بولىدۇ.

## 5. شارسىمان قاسراقلىق قۇرۇتىنىڭ پارازىت ھەرىسى

شارسىمان قاسراقلىق قۇرۇتىنىڭ پارازىت ھەرىسى قاسراقلىق قۇرۇتنى يوقىتىدىغان مۇھىم كۈشەندە ھاشارەت. قىشلىغان بىر دانە چىشى ھەرىنىڭ قالدۇرغان ئەۋلادى 2 مىڭدىن ئارتۇق قاسراقلىق قۇرۇتنى يوقىتالايدۇ. پارازىتلىشى %98~86 كە يېتىدۇ.



51 ـ رەسىم شارسىمان قاسراقلىق قۇرۇتىنىڭ پارازىت ھەرىسى

1. شارسىمان قاسراقلىق قۇرۇتىنىڭ كىچىك سەكرەتمە ھەرىسى 2. كىچىك سەكرەتمە ھەرە

### قاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى

شارسىمان قاسراقلىق قۇرۇتىنىڭ پارازىت ھەرىسىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھىملىرى مۇنداق ئىككى خىل: بىرى شارسىمان قاسراقلىق قۇرۇتىنىڭ سەكرەتمە ھەرىسى، يەنە بىرى كىچىك سەكـ

رەتمە ھەرە. بۇ ئىككى خىل ھەرىنىڭ جۇغى ناھايىتى كىچىك، رەڭگى قارامتۇل بولۇپ، پارقىراپ تۇرىدۇ (51-رەسىم).

**ياشاش ئادىتى** بۇ ئىككى خىل سەكرەتمە ھەرە سوۋېت ئىتتىپاقىدا يىلىغا 3 ئەۋلات قالدۇرىدۇ. قىشلىغان لىچىنكىسى پارازىتلانغان چىشى قاسراقلىق قۇرۇتنىڭ قاسرىقىدا قىشلايدۇ. كېيىنكى يىلى 5-ئاينىڭ ئاخىرىدا پارازىت ھەرىنىڭ لىچىنكىسى قىشلىغان ياش قۇرۇتنىڭ بەدىنىدە پەيدا بولىدۇ. ئۇلار قاسراقنى يەپ تېشىپ، شۇ تۆشۈكتىن ئۆمىلەپ چىقىدۇ. بىر چىشى قاسراقلىق قۇرۇتنىڭ تېنىدە 7 پارازىت ھەرە يېتىلىدۇ. ئەتىيازدا پەيدا بولغان پارازىت ھەرە دەرھال قاسراقلىق قۇرۇتتا پارازىت ياشاشقا باشلايدۇ. دەسلەپتە 3 ياشلىق ياش قۇرۇتتا، كېيىن بولسا يېتىلگەن چىشى ھاشارەتتە پارازىت ياشايدۇ. پارازىت ھەرە تۇخۇم تۇغۇش ئورگىنىنى قاسراققا سانجىپ كىرگۈزۈپ. قاسراقلىق قۇرۇتنىڭ تېنى ئىچىگە بىرقانچە تۇخۇم تۇغىدۇ. تۇخۇمدىن چىققان پارازىت ھەرىنىڭ كىچىك قۇرۇتى قاسراقلىق قۇرۇتنىڭ تېنىدىكى سۇيۇقلۇق بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قاسراقلىق قۇرۇت ئۆلىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** بۇ ھەرىدىن پايدىلىنىپ قاسراقلىق قۇرۇتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشتا، قىش پەسلىدە مېۋىلىك دەرەخنىڭ، مېۋىسىز دەرەخنىڭ ئىنچىكە شاخلىرىدىكى قاسراقلىق قۇرۇتلارنى يىغىۋېلىپ، ھاشارەت يېقىش قۇتىسىغا سېلىپ، تەبىئىي شارائىت ئاستىدا ساقلىسا،

هاۋا ئىسسىغان هامان قاسراقلىق قۇرۇت بار شاخنى ئەينەك قاچىغا سېلىپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن چىققان پارازىت هەرىسىنى بەنە قاسراقلىق قۇرۇت پەيدا بولغان ئورمانلىققا، باقىقا قويۇپ بەرسە بولىدۇ.

## 6. ئايلانما سىزىقلىق پەرۋانىنىڭ كىچىك پارازىت هەرىسى

بۇ جىڭجۇ، شۇچاك قاتارلىق جايلاردىكى باغلارغا تارقالغان بولۇپ. ئايلانما سىزىقلىق پەرۋانە لىچىنكىسىنىڭ تېنىدە. قوچىغىدا پارازىت ياشايدۇ.



52 ـ رەسىم ئايلانما سىزىقلىق پەرۋانىنىڭ كىچىك پارازىت هەرىسى

1. يېتىلگىنى 2. قوچىغى

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىگى** بېنىلگىسىك تېپى قارا بولىدۇ، پارقىراپ تۇرىدۇ. قانىتى سۈزۈك قوكۇر بولىدۇ. قوساق قىسمى تۇخۇم شەكلىدە بولىدۇ. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 1.4 مىللىمېتىر بولىدۇ (52 ـ رەسىم).

**ياشاش ئادىتى** هەر يىلى 4~5 ئەۋلات قالدۇرىدۇ، قوچىغى ئايلانما سىزىقلىق پەرۋانىنىڭ قوچىغى ئىچىدە قىشلايدۇ. كېيىنكى يىلى باهار پەسلىدە كېپىنەكلىگى قوچاقتىن چىقىپ، پارازىت ياشاشقا باشلايدۇ. ئايلانما سىزىقلىق بوبۇرماق پەرۋانىسىنىك يامراپ كېتىشىنى چەكلەشتە ناهايىتى

ئوبدان رول ئوينايدۇ. جېڭجۇ باغۋەنچىلىك مەيدانلىرىنىڭ كۆزىتىشىگە قارىغاندا، ئايلانما سىزىقلىق يوپۇرماق پەرۋانىسى كۆپ پەيدا بولغان يىللىرى مېۋىلىك دەرەخلەرگە دورا پۈر-كەلمەيدىكەن، 8-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، 4-ئەۋلات زىياندىشى ھاشارەت پەيدا بولغان چاغدا، بۇ خىل پارازىت ھەرىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك پارازىتلايدىكەن.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** بۇ خىل پارازىت ھەرىسىدىن پايدىلىنىپ ئايلانما سىزىقلىق يوپۇرماق پەرۋانىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشتا قىش پەسلىدە دەرەخ قوۋزىقىنى قىرىش بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا، شۇ خىل پارازىت ھەرىسىنىڭ قېزىنىلىنغان غوزىكىنى يىغىپ، ناموۇك سېۋەتكە سېلىپ، ئاسراپ قىشتىن ئۆتكۈزسە بولىدۇ، ياكى بولمىسا، ئۇنى پارازىتلاش نىسبىتى تۆۋەن بولغان مېۋىلىك باققا بۆتكەپ، كېيىنكى يىلى ئايلانما سىزىقلىق يوپۇرماق پەرۋانىسى قوجايىنى چىقىشتىن بۇرۇن ئۈستىنى داكا بىلەن يېپىپ قويسا بولىدۇ، شۇنداق قىلىنسا، پارازىت ھەرە ئۇچۇپ چىقىپ كېتىدۇ-دە، يوپۇرماق پەرۋانىسى سېۋەت ئىچىدە دىمىقىپ ئۆلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، پارازىتلاش نىسبىتى يۇقىرى بولغان چاغدا، خىمىيەۋى دېخان-چىلىق دورىلىرىنى چاچماسلىق كېرەك.

## 7. تۈگۈنەك پاشىنىڭ چاقىقاق كىچىك ھەرىسى

بۇ خىل ھەرە خېنىدىن، سەنسىنى، خۇبېي قاتارلىق جايلارغا

تارقالغان بولۇپ، بۇغدايدا بولىدىغان دان شورىغۇچى قۇرۇت-نىڭ، تۈگۈنەك سۆگەت پاشىسىنىڭ تۇخۇمىدا ۋە لىچىنكىسىنىڭ تېنىدە پارازىت ياشايدۇ، پارازىتلاش نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى



53 - رەسىم تۈگۈنەك پاشىسىنىڭ چاققاق كىچىك ھەرىسى

1. يېتىلگىنى 2. پارازىت خوجىسىنىڭ تۇخۇمى ئىچىگە تۇققان تۇخۇمى 3. لىچىنكىسى 4. غوزىكى 5. لىچىنكا ئىچىدە پارازىت ياشاۋاتقان لىچىنكا 6. يېتىلگىنىنىڭ بۇغداي بوشىغا تۇققان تۇخۇمى

بولىدۇ. 1953~1954 - يىلى تەنباكدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش-نىڭ قارىغاندا، بۇغدايدا بولىدىغان دان شورىغۇچى قۇرۇتىنىڭ 80% تىن كۆپرەكى پارازىتلىنىدىكەن.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى** چىشىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.2~1.7 مىللىمېتىر. قانات كېرىمىسى 2.5 مىللىمېتىر بولىدۇ. تېنىنىڭ رەڭگى قارا بولىدۇ، مىنالىدەك پارقىراپ تۇرىدۇ. قوساق قىسمى تۇخۇم شەكلىدە، لىچىنكىسى چىۋىن قۇرتى شەكلىدە بولىدۇ (53 ـ رەسىم).

**ياشاش ئادىتى** ھەر يىلى بىر ئەۋلات قالدۇرىدۇ، تۇخۇم ھالىتىدە پارازىت خوجايىنىنىڭ لىچىنكىسى تېنىدە قىشلايدۇ، كېيىنكى يىلى 3 ـ ئايلاردا ئۈنتۈرۈلىرىدا. ئاخىرلىرىدا لىچىنكىسى ھەركەتلىنىشكە باشلىغان چاغدا، ئاندىن تۇخۇمدىن چىقىپ لىچىنكا تېنىدىكى سۇيۇقلۇق بىلەن ئوزۇقلىنىپ چوڭىيىدۇ. 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، پارازىت خوجايىنى لىچىنكىسىنىڭ يوستى ئىچىدە قوچاققا ئايلىنىدۇ. بىتلىگەنلىرى قوچاقنىن چىققاندىن كېيىن، پارازىت خوجايىنىنىڭ پوستىنى تېشىپ چىقىدۇ. ئاندىن بوغداي باشىغا ئۇچۇپ بېرىپ، ياكى تۇگۈنەك سۆگەت پاشىسىنىڭ قوچاقتىن چىققان كونا تۆشۈكى ئىچىدە پارازىت خوجايىنىنىڭ تۇخۇمىنى تېپىپ، بىكىنىسىمان تۇخۇم تۇغۇش نەيچىسىنى ئۇنىڭغا سانجىپ كىرگۈزۈپ تۇخۇم تۇغىدۇ. پارازىت خوجايىنىنىڭ تۇخۇمىدىن لىچىنكا چىققاندىن كېيىن، ھەرىنىڭ تۇخۇمى يەنىلا پارازىت خوجايىنى لىچىنكىسىنىڭ تېنىدە قالىدۇ. ھەمدە شۇنىڭ ئىچىدە يازنى ۋە قىشنى ئۆتكۈزۈپ، كېيىنكى يىلى تۇخۇمدىن لىچىنكا ھالىتىدە چىقىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## 8. كۆك پىتىنىڭ كىچىك غوزەك ھەرىسى

بۇ خىيەن ئۆلكىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان، كېۋەز پىتىنىڭ، نەشپۈت پىتىنىك، شاپتۇل پىتىنىك، كۆكتات پىتىنىڭ مۇھىم كۈشەندىسى، كۆك پىت تېنىدە پارازىت ياشايدۇ، پارازىتلاش نىسبىتى 50% تىن يۇقۇرى بولىدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىگى** يېتىلگىنىنىڭ تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.5 مىللىمېتىر، رەڭگى قوڭۇر بولىدۇ. دۈلىسى تۇتۇق قوڭۇر، قانىتى سۈزۈك بولىدۇ. قوساق قىسمىنىڭ ئاخىرقى ئۇچى ئىنچىكە، ئۇزۇن بولىدۇ، تۇخۇم تۇغۇش نەيچىسى يىڭنىسىمان بولىدۇ (54-رەسىم).



54-رەسىم كۆك پىتىنىڭ غوزەك ھەرىسى

1. ئاچماق قۇيرۇق كۆك پىت ئىچىگە تۇخۇم تۇغۇۋاتقان ھەرە 2. پارازىتلانغان كۆك پىتنىڭ ئىچىدىن يېتىلگەن ھەرە چىققان تۆشۈك

**ياشاش ئادىتى** ھەر يىلى قانچە ئەۋلات قالدۇرىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

3-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ يېتىلگەنلىرى پەيدا بولۇپ، ھەر خىل كۆك پىتلارنىڭ تېنى ئىچىگە تۇخۇم

تۇغىدۇ. لىچىنكىسى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن، كۆك يېس تېنىدىكى ئوزۇقلۇق بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. كۆك يېش فوسىغى ئاستا-ئاستا كۆپۈيۈپ، قوڭغۇر رەڭگە كىرىپ ئۆلىدۇ-دە، ئۇنىڭ ئۆلۈكى قاتتىقلىشىپ. ئۆپ-چۆپ ئورۇغىغا ئوخشاپ قالىدۇ. يېتىلگەن ھەرە قوچاقتىن چىققاندىن كېيىن. كۆك يېتىنىڭ دۈمبىسىنى تېشىپ ئۇچۇپ چىقىپ كېتىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## 9. ياۋا تەكەنىڭ كىچىك غوزەك ھەرىسى

بۇ خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان، ئىنتايىن ئومۇمىي بوزلۇك پەيدا بولىدۇ. قوش فۇيرۇقلۇق پەرۋانە، تېرەك پەرۋانىسى، سۆگەت پەرۋانىسى لىچىنكىلىرىنىڭ تېنىدە پارازىت ياشايدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى** يېتىلگىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 مىللىمېتىر، قانات كېرىمىسى 3~4 مىللىمېتىر بولىدۇ. بېشى قارا، قانىتى سۈزۈك بولىدۇ، ئارقا پۇتىنىڭ ئاساسى بوغۇمى قارا بولىدۇ. قوساق قىسمى موكا شەكلىدە، قىزغۇچ قوڭۇر بولىدۇ (55-رەسىم).

**ياشاش ئادىتى** ھەر يىلى قانچە ئەۋلاد قالدۇرىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. يېتىلگىنى پەرۋانە، ياۋا تەكەن كېپىنىكى فانارلىقلارنىڭ لىچىنكىسىنىڭ تېنىگە تۇخۇم تۇغىدۇ. لىچىنكىسى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن، پارازىت خوجايىنىنىڭ تېنىدىكى



www.uyghurkitap.com



55 ـ رەسىم ياۋا نەكدىنىڭ قىچىك غوزەك ھەرىسى
1 ئىشلىگىنى 2. تۇخۇمى 3 لىچىنكىسى 4. غورەك ۋە
بارا بىلانغان لىچىنكا

سۇيۇقلۇق بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. يىتىل ـ گەندىن كېيىن پارارىت خوجايىن ـ نىڭ تېنىنى تېشىپ چىقىپ، ئۇنىڭ تېنىنىك سىرتىغا باكى يويۇرماقىغا ئاقۇش، بوز، كاللەك سىبەك غورەك ياساپ، شۇنىڭ ئىچىدە قوچاقچا ئايلى ـ نىدۇ. يېتىلىپ قوچاقتىن چىققاندىن كېيىن، بەنە ھەرقايىسى جايلاردا ئۇچۇپ سۇزۇپ، يېڭى پارارىت خوجايىنىنى تېپىپ تۇخۇم تۇغۇپ كۆپىيىدۇ. ئاۋالقى پارارىت خوجايىنى بىسبىجە بىلەن ساخ ـ يويۇرماقىغا تېيىشىپ ھەركەت قىلالماي، قورۇلۇپ قالىدۇ. رەڭگى ئۆزگىرىپ. ئاخىر ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ يوسۇندا كېيىنكى غورەك ھەرىسى تېشىپ چىقىپ كەتكەن تۇرغۇن تۆشۈك قالىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** يېتىلگەنلىرى گۈل شىرنىسىنى ياخشى كۆرۈپ يەيدۇ. شۇڭا، باغلاردا، بول، ئېرىق ـ ئۆستەڭ ـ نىڭ بويلىرىدىكى بوش يەرلەردە بىرىدە، سىنەپىنە گۈللۈك تۇخۇمەك ئۆستۈرۈپ، ئۇنى گۈل شىرنىسى بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ. باشقا زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋە ئۇنى يوقىتىدىغان چاغدا، خىمىيىۋى دورا ـ ئىشلىتىش دورىلىرىنى

ئېمكان قەدەر ئاز ئىشلىتىش كېرەك. كۆز پەسلىدە، ھەرە غوزىگىنى كۆپلەپ يىغىپ، سوغاق ھالەتتە ساقلاپ، ئىشلىتىلىدىغان چاغدا، زىياندىش ھاشارەتلەر يوقىتىلىدىغان رىرائەتكە قويۇپ بېرىلىدۇ.

## 10. ياغاچ پوستلاقخورى پەرۋانىسىنىڭ كىچىك غوزەك ھەرىسى

بۇ خۇاكخې دەرياسىنىڭ تاشقىن رايونىدىكى دىخانچىلىق مەيدانى قاتارلىق جايلاردىكى باغلاردا نارقالغان بولۇپ، تاغىل ياغاچ پوستلاقخورى لىچىنكىسىنىڭ تېنىدە پارازىت ياشايدۇ، پارازىت ياشاش نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى** يېتىلگىنىنىڭ رەڭگى قارا بولىدۇ، چىشىسىنىڭ تېنى 5~6 مىللىمېتىر. ئەركىكىنىڭ تېنى 2~3 مىللىمېتىر بولىدۇ. قوساق قىسمى سۇس سېرىق بولىدۇ. دۈمبىسىدە توغرىسىغا كەتكەن 5 تال قارا سىزىق بولىدۇ. قولتۇقىدىكى توغرا سىزىق ئۇچ بۇلۇڭ شەكلىدە بولىدۇ. قانىتى سېرىق سۈزۈك بولىدۇ. قانىتىنىڭ تومۇرى قارا بولىدۇ.

**ياشاش ئادىتى** لىچىنكىسى تاغىل ياغاچ مىتىسى پەرۋانىسى لىچىنكىسىنىڭ تېنىدە قىشلايدۇ. كېيىنكى يىلى 5-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا لىچىنكىسى قېرىپ، پارازىت خوجايىنىنىڭ تېنىدىن چىقىدۇ، زىدە بولغان شاخنىڭ ئۇتتۇرىسىدىكى ھاشارەت يولىدا ساغۇچ كىچىك غوزەك توقۇپ قوچاققا ئايلىنىدۇ. يېتىلىپ

قوغاقنى جىقىرىدىن كېيىن، ئاغمىل ئاغاچ پوسلاقخورى بەروا-
ىسىنىڭ بولىدىن ئۇجۇپ چىقىپ كېتىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** قىشلىق دەرەخ چاتاش ۋاقتىدا،
كېسىۋېلىنغان شاخلاردىن كېچىك غوزەك ھەرىسى بارلىرىنى
ئۆڭگە ئېىكىرىپ ساقلاپ قويۇپ، ئۇنى ئاسراپ قىشلىتىپ،
كېلەركى يىلى يەنە باغقا قويۇپ بېرىش لازىم، شۇنداق قىلىنسا،
ئۇ ئۇجۇپ چىقىپ ئېكىۋاشىنى پارازىت ياشايدۇ.

## 11. قالقان قوساقلىق غوزەك ھەرىسى

**ئېتىلگىسىنىڭ** تېنى 4~5 مىللىمېتىر. قاناب كېرىمىسى
8~6 مىللىمېتىر، رەڭگى قارا بولىدۇ. قوساق قىسمىنىڭ
ئالدى بەرەبتىكى ئۇچى ساغۇچ بولىدۇ. يۇنى ساغۇچ بولىدۇ.
لىچىنكىسىنىڭ تېنى 5 مىللىمېتىر، رەڭگى سۇس يېشىل بولىدۇ.
غورىگى يۇمۇلاق، سىلىندىر سەكىلدە ئاق بولىدۇ.

**ياشاش ئادىتى** ھەر يىلى 3 ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. لىچىنكىسى
ئانىسىدا بولىدىغان كېچىك بوبۇرماق بەرۋاسىسى قانارلىق ھاشا-
رەتلەرنىڭ لىچىنكىسىنىڭ ئىچىدە قىشلايدۇ. كېلەركى يىلى 5-
ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قوجاقىغا ئايلىنىدۇ ۋە قوجاقىنى ھەرە بولۇپ
يېشىلىپ چىقىدۇ. 6-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋە ئاخىرلىرىدا
بىرىنچى ئەۋلادى چىقىدۇ، 7-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 8-ئاينىڭ
باشلىرىغىچە ئىككىنچى ئەۋلادى چىقىدۇ، 8-ئاينىڭ ئاخىرلىرى-
دىن 9-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۈچىنچى

www.uyghurkitap.com

ئەۋلادى چىقىدۇ. ئالمىدا دولدىغان بوپۇرماق يىرىۋانىسى فاتارلىق زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ تۇخۇمى ئىچىگە تۇغىدۇ. زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ لىچىنكىلىرى تۇخۇمىدىن چىققاندىن كېيىن، پارازىت ھەرىنىڭ لىچىنكىسى پارازىت خوجايىنىنىڭ تېنىدە تۇرۇپ يېتىلىدۇ، يېتىلگەندىن كېيىن تېشىپ چىقىپ، پۇرلانغان يوپۇرماق ئىچىدە غوزەك ھاسىل قىلىپ قوجاققا ئايلىنىدۇ. جىنجۇ رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشكە قارىغاندا پارازىتلىنىش نىسبىتى 50% ئەتراپىدا بولىدىكەن.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** سۈنئىي يول بىلەن كۆپەيتىپ قويۇپ بېرىلىدۇ.

## 12. شاڭخەي كۆك ھەرىسى

شاڭخەي كۆك ھەرىسى تىكەنلىك سېرىق ھەرۋىنىڭ غوزىكى ئىچىدە پارازىت ياشاپ، لىچىنكا تەندىكى سۇيۇقلۇق بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. خىبەي ئۆلكىسىنىڭ جىلانلىق رايونلىرىدا، ئورمانلىقلىرىدا، باغلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى** يېتىلگەنلىرى كۆكۈش يېشىل بولىدۇ، پارقىراپ تۇرىدۇ. دۈمبىسىدە دەپەت 2 ـ 4 لا دوغۇم بولىدۇ، كۆپىنچىسىنىڭ قوسىقى كىرىشىپ كەتكەن بولىدۇ، باكى نەقشى بولىدۇ، قوساق قىسمى كۆكرەك قىسمىنىڭ ئاستىدا ئېگىلىپ تۇرىدۇ. لىچىنكىسى چىۋىن قۇرۇتى شەكلىدە بولىدۇ (56 ـ رەسىم).

**ياشاش ئادىتى** ھەر يىلى 2 ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. لىچىنكىسى تىكەنلىك سىرىق پەرۋانىنىڭ قىشلايدىغان غوزىگى ئىچىدە قىشلايدۇ. كېيىنكى يىلى 4-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 5-ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە غوزەك ھاسىل قىلىپ قوناققا ئايلىنىپ ھەممىدە يېتىلىپ، غورەكنىڭ قېپىنى يېرىپ ئۇچۇپ چىقىدۇ. ئاز ساندىكىلىرى پارازىت خوجايىنىنىڭ غوزىگىنى تېشىپ چىقالماي غوزەك ئىچىدە ئۆلىدۇ.



2

56-رەسىم شاڭخەي كۆك ھەرىسى
1. يىلگىنى 2. يىلگىنىنىڭ ۋە قارا كىچىك ھەرىنىڭ تىكەنلىك سىرىق پەرۋانە غوزىگىگە تۇخۇم تۇغۇۋاتقانلىقى (غوزەك ئۈستىدىكىسى قارا كىچىك ھەرە، غورەكنىڭ سول يېنىدا تۇخۇم تۇغۇشقا كۆيۈپ تۇرغىنى شاڭخەي كۆك ھەرىسى)

چىشىسى تۇخۇم تۇغىدىغان چاغدا ئالدى بىلەن تىكەنلىك سىرىق پەرۋانە غوزىگىنىڭ ئۈچىدىن كىچىك تۆشۈك ئېچىپ، تۇغۇش نەيچىسىنى غوزەكنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ، تىكەنلىك سىرىق پەرۋانە لىچىنكىسىنىڭ تېنىگە بىر تۇخۇم تۇغىدۇ. تۇخۇم بولغاندىن كېيىن، تۇغۇش تۆشۈگىنى يېپىقۋالنى ئېتىۋېتىدۇ. لىچىنكىسى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن،

تىكەنلىك سىرىق پەرۋانە لىچىنكىسىنىڭ تىنىگە تىشىپ كىرىپ، ئۇنىڭ سۇيۇقلۇغى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئاخىردا تىكەنلىك سىرىق پەرۋانە لىچىنكىسى ئۆلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر خىل قارا كىچىك ھەرە بار (56-رەسىمنىڭ 2-سى). ئۇنىڭ چىشىسى شاخەي كۆك ھەرىسى تۇخۇم تۇققان تىكەنلىك سىرىق پەرۋانە غوزىگىنىڭ تۆشۈكىدىن غوزەك ئىچىگە تۇخۇم تۇغىدۇ، لىچىنكىسى تۇخۇمدىن چىققاندىن كىيىن، تىكەنلىك سىرىق پەرۋانە لىچىنكىسىنىڭ ياكى شاخەي كۆك ھەرىسى لىچىنكىسىنىڭ تىنىدىكى سۇيۇقلۇق بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل ھەرە ھەم پايدىلىق ھاشارەت، ھەم زىيانداشلىق ھاشارەت ھىساپلىنىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** شاخەي كۆك ھەرىسىنى ئاسراش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، قىش پەسلىدە ياكى باش باھاردا تىكەنلىك سىرىق پەرۋانىنىڭ غوزىگىنى كۆپلەپ يىغىپ، ھاشارەت قەپىزىگە ياكى سىۋەتكە سېلىپ، ئاغزىنى داكا بىلەن ئېتىپ قويۇش لازىم، تىكەنلىك سىرىق پەرۋانە قوجاقتىن چىققاندىن كىيىن ئۇچۇپ چىقىپ كىتەلمەي، شۇنىڭ ئىچىدە ئۆلىدۇ، پارازىت ھەرە داكىنىڭ تۆشۈكىدىن ئوكۇشلۇق ئۇچۇپ چىقىپ دىخانچىلىق ئەتراپىغا يارازىت باشايدۇ.

## 13. توقال ھەرىلەر

بۇ خىل ھەرە ئومۇمەن يۇزلۇك نارفالىغان، تۇرى خىلى

كۆپ بولۇپ، كۆن كېيىنكى، پەرۋانە، ھەرە تۇرىدىكىلەرنىڭ لىچىنكىسى، قوجىغى ئىچىدە بارلىق ياشايدۇ.

**تاشقى كۆرۈش ئالاھىدىلىگى** يېتىلگەنلىرىدىن بەزىلىرىنىڭ جۈغى دوعان، بەزىلىرىنىڭ جۈغى كىچىك بولىدۇ، ئىنچىكە، ئۇزۇن بولىدۇ. سەزگۈ بۇرۇتى يىپسىمان، كۆپ بوغۇملۇق بولىدۇ. دۈلسىنىڭ ئىككى يان بەرسىپى سوزۇلۇپ دۈلىسى بىلەن تۇيسىپ تۇرىدۇ. ئالدىنقى قانىتىدا ئوچۇق كۆرۈنىدىغان مەك بولىدۇ. قانىتىنىڭ ئۇچىدىكى ئىككىنچى قانات قىرىنجىسىنىڭ ئارىلىغى بەك كىچىك بولىدۇ، بۇ تۆت بۇرجەكلىك ياكى بەش بۇرجەكلىك بولۇك شەكلىدە بولۇپ، كىچىك قانات قىرىنجىسى دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ ئاستىدا تۇتىشىپ تۇرىدىغان بىر نال تومۇر ئىككىنچى ئەگمەچ تومۇر دەپ ئاتىلىدۇ. كىچىك قانات قىرىنجىسى بىلەن ئىككىنچى ئەگمەچ تومۇر توقال ھەرىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىگى. قوساق قىسمى ئىنچىكە، ئۇزۇن بولۇپ، ئادەتتە ياس، كۆكرەك ئۇزۇنلۇغىدەك 2~3 ھەسسە كېلىدۇ. چىشىسىنىڭ قوساق قىسمىنىڭ ئاخىرقى ئۇچى ئۇزۇتىغا ئىرىلغان بولۇپ، تۇخۇم تۇعۇش ئەزاسى شۇنىڭ ئىچىدىن سوزۇلۇپ چىقىدۇ. توقال ھەرىنىڭ تۆۋەندىكى خىللىرى كۆپرەك ئۇچى-رايدۇ، يېتىلگەنلىرىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىگى مۇنداق:

ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوكغۇزنىڭ توقال ھەرىسى: يېتىلگىنىنىڭ رەڭگى قارا، ئۇزۇنلۇغى 23 مىللىمېتىر بولىدۇ. قانىتى سېرىق،

ئالدىنقى قوساق بوغۇمىنىڭ چېك ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇنتاغا كەتكەن ئىككى تال قىرلىق سىزىق بولىدۇ. تۇخۇم تۇغۇش ئەزاسى ناھايىتى ئۇزۇن، 31 مىللىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ (57 ـ رەسىمنىڭ 1 ـ سى).

سۇمرۇغ كېپىنەكسىك توقال ھەرىسى: يېتىلگەنلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 14 مىللىمېتىر، رەڭگى قارا بولىدۇ. كىچىك قالقانسىمان پىلاستىنكىسى ۋە قوساق قىسمىنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى سېرىق بولىدۇ. 2 ـ قوساق بوغۇمى بىلەن 3 ـ قوساق بوغۇمىنىڭ ئاخىرقى گىرۋىكى قىزغۇچ سېرىق بولىدۇ (57 ـ رەسىمنىڭ 2 ـ سى).

قارا سۆگەللىك توقال ھەرە: يېتىلگىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 مىللىمېتىر، رەڭگى سېرىق، دۈلىسىدا قارامتۇل داغ بولىدۇ (57 ـ رەسىمنىڭ 3 ـ سى).

ئىككى داغلىق توقال ھەرە: يېتىلگىنىنىڭ تېنى ئىنچىكە، ئۇزۇن بولۇپ، 9 مىللىمېتىر كېلىدۇ. پۈتۈن تېنى قىزغۇچ سېرىق بولىدۇ (57 ـ رەسىمنىڭ 4 ـ سى).

**ياشاش ئادىتى** يېتىلگەنلىرى، كۆپىنچە، پەرۋانە، كۈن كېپىنىكى، ھەرە ۋە ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇز قاتارلىق ھاشارەتلەرنىڭ لىچىنكىسى ۋە قونچىقىنىڭ ئىچىگە تۇخۇم تۇغىدۇ. لىچىنكىسى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن، شۇنىڭدىكى سۇيۇقلۇق بىلەن ئوزۇقلىنىپ پارازىت خوجايىنىنى ئۆلتۈرىدۇ. لىچىنكىسى قېرىغاندىن كېيىن پارازىت خوجايىنىنىڭ تېنىدە قوچاقتا

ئابلىنىدۇ. قوجاقتىن چىققاندىن كېيىن پارازىت خوجايىنىنىڭ قوڭغىنى عاجاپ تېشىپ چىقىپ كېتىدۇ.




57 ـ رەسىم توقال ھەرىلەر

1. ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇز- نىڭ توقال ھەرىسى 2. سۇمە- رۈغ كېپىنەكنىڭ توقال ھەرىسى 3. قارا سۆگەللىك توقال ھەرە 4. ئىككى داغلىق توقال ھەرە

ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇزنىڭ توقال ھەرىسى تۇخۇم تۇغىدىغان چاغدا، ئالدى بىلەن سەزگۈ بۇرۇتى ئارقىلىق دەرەخ غولىنىڭ سىرتىنى چارلاپ ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇز لىچىنكىسى بار ئورۇننى ئىزلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇزنىڭ ئورنىنى تېپىپ، ئاندىن تۇخۇم تۇغۇش ئەزاسىنى دەرەخنىڭ غولىغا سانچىپ كىرگۈزىدۇ، بەزىدە 10 سانتىمېتىرچە كىرگۈزۈپ، ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇز لىچىنكىسىنىڭ تېنى ئىچىگە تۇخۇم تۇغىدۇ. لىچىنكىسى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇز لىچىن- كىسىنىڭ تېنىدىكى سۇيۇقلۇق بىلەن ئوزۇقلىنىپ، ئۇنى ئۆلتۈ- رىدۇ. تېرەككە زىيان يەتكۈزىدىغان يالىڭاچ غوللۇق ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇزنىڭ لىچىنكىسى ھەمىشە بۇ ھەرە تەرىپىدىن پارازىتلىنىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** توقال ھەرىدىن پايدىلىنىش، زىياندىاش ھاشارەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشنىڭ بىر نەرەپتىن، چەتئەللەردىن ياكى مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى باشقا جايلاردىن كەلتۈرۈپ كۆپەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئىككىنچى تەرەپتىن، ئۆبدە نازا كۆپەيتىپ، ئادىن ئېتىزلارغا، باغلارغا، ئورمانلىققا قويۇپ بەرسىمۇ بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن، پارازىت خوجايىنىنى تازا كۆپەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. يېقىنقى بىر-قانچە يىلدىن بۇيان، چەتئەللەر سۈنئىي ئوزۇقلاندۇرۇپ كۆپەيتىشتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، توقال ھەرىنى تازا كۆپەيتىشنىڭ يېڭى يولىنى ئاچتى، چەتئەللەرنىڭ خەۋەرلىرىگە قارىغاندا، سۈنئىي يول بىلەن ئوزۇقلاندۇرغاندا، توقال ھەرىلەرنىڭ بەزىلىرىنى بىۋاستە ھالدا سۈنئىي ئوزۇقلۇق ئۈستىگە تۇخۇم تۇغۇشقا جەلپ قىلغىلىمۇ بولىدىكەن. يەنە بەزى توقال ھەرىلەرنى ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئۈۋىسىغا تۇخۇم تۇغۇشقا جەلپ قىلغىلى بولىدىكەن، لىچىنكىسى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن، ھەسەل ھەرىسىنىڭ لىچىنكىسى بىلەن ئوزۇقلىنىدىكەن.

## 2. پارازىت چىۋىنلەر

پارازىت چىۋىن ئادەتتىكى چىۋىنگە ئوخشايدۇ، لېكىن تېنى توم، كىرپىكسىمان نۇرغۇنلىغان تۈكى بولىدۇ. رەڭگى بوز قوڭۇر، قوڭۇر، ياكى قارا قوڭۇر بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ

سۇس دېغى بولىدۇ. كۆپىنچە ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىغىدا، گۈلى ئىچىدە ياكى كۈن كېپىنىكى، پەرۋانە قاتارلىقلارنىڭ لىچىنكىسىنىڭ تېنىدە باشايدۇ. يېتىلگەنلىرىنىڭ جىنسى بېزى پىشىپ يېتىلىدىغان مەزگىلدە ئومۇمەن قوشۇمچە ئوزۇقلىنىشقا مۇھتاج بولىدۇ، ئاساسەن گۈل شىرنىسى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، تۇخۇمى يېپىشقاق بولىدۇ، ئادەتتە باشقا ھاشارەتلەرنىڭ لىچىنكىسىنىڭ تېنىگە ياكى قوچىغىغا تۇخۇم تۇغىدۇ. لىچىنكىسى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تېنىگە تېشىپ كىرىپ، بەدەن سۇيۇقلۇغىنى شورايدۇ. پارازىت خوجايىنىنىڭ تېرىسىدىن ياكى نەپەسلىنىش نەيچىسىدىن تۆشۈك ئېچىپ، نەپەس ئالىدۇ. بەزىلىرى ئۆسۈملۈك يوپۇرمىغىغا تۇخۇملايدۇ، ھاشارەتنىڭ ئوزۇق- لىنىشى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئاشقازىنىغا، ئۈچەيگە كىرىپ پارازىت ياشايدۇ. بەزىلىرى بىۋاسىتە زىيانداش ھاشارەتنىڭ تېنىگە تۇخۇم تۇغىدۇ، لىچىنكىسى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن، زىيانداش ھاشارەتنىڭ پوستىنى تېشىپ كىرىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. لىچىنكى- لىرىنىڭ بەزىلىرى توپىنىڭ ئۈستىدە ياكى يوپۇرماقنىڭ يۈزىدە باشاپ، پۇرسەت تاپسىلا زىيانداش ھاشارەتنىڭ تېنىگە تېشىپ كىرىپ ئوزۇقلىنىدۇ. زىيانداش ھاشارەت ئۆلۈپ كەتسە نۇرۇن، لىچىنكىسى بېنىلىپ، ئۇنىڭ تېنىنى يېرىپ چىقىپ. پارازىت خوجايىنىنىڭ تېنىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ياكى توپراققا كىرىپ قوچاققا ئايلىنىدۇ. لىچىنكىسى جۇۋەن قۇرۇتى شەكلىدە بولىدۇ، تېنىنىڭ بوغۇملىرى ئېنىق بولىدۇ، ئۈچى كەسمە شەكلىدە

بولىدۇ.

پارازىت جىۋىنىنىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ، پۈتۈن ھاياتىدا 50 تىن 5 مىڭغىچە تۇخۇم ياكى لىچىنكا تۇغىدۇ. بەزى دۆلەتلەر بىئولوگىيىلىك ئۇسۇل بىلەن ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىشتا، ئۇنىڭدىن پايدىلاندى. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى خۇانەن يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى قالقانسىمان پارازىت جىۋىنىنى ئوزۇۋقلاندۇرۇپ ئۆستۈرۈشتە نۇرغۇن تەجرىبە توپلىدى. بەزى يەر تەتقىقاتى ئورۇنلىرى بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇۋاتىدۇ.

خىنەن ئۆلكىسىدە پارازىت جىۋىنىنىڭ تۆۋەندىكى تۈرلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ:

## 1. قالقانسىمان پارازىت چىۋىن

بۇ خىل چىۋىن تۈكلۈك قارىغاي قۇرۇتى، ياۋا تەكەن كېپىنىكى، جىراق پەرۋانىسى، ئۆي نەكىنى قاتارلىق كېپىنەك، پەرۋانە تۈركۈمىدىكى ھاشارەتلەرنىڭ لىچىنكىلىرىنىڭ تېنىدە پارازىت ياشايدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى** يېتىلگەنلىرىنىڭ تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6~11 مىللىمېتىر بولىدۇ. بېشىنى ئاقۇش بوز رەڭلىك تورۇندا قاپلاپ تۇرىدۇ. كۆكرىكى قارا بولۇپ، بوز ساغۇچ توزۇندا بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ، دۈمىسىدە ئۇزۇنىغا كەتكەن 5 تال قارا سىزىق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر تېپلى



ئۇيغۇر كىتابلىرى بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىسقا بولىدۇ. قوساق قىسمى قارا، 3 ـ دۈمبىسى ئېغىز يېنى ئىككى
يان تەرىپىدە ئانچە ئېنىق كۆرۈنمەيدىغان ساغۇچ قوڭۇر داغ
بولىدۇ، 3~5 ـ دۈمبە بوغۇمىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى بوز ساغۇچ
تۈزۈندا قاپلاپ تۇرىدۇ. ئاخىرقى قىرغىقى قارا بولىدۇ. بارقىراپ
تۇرىدۇ، 3 ـ ۋە 4 ـ دۈمبە بوغۇمىدىكى تۈزۈنىدا دۈم يېڭىك
ئوتتۇرا سىزىقىنى بويلاپ ئاخىرىغا بارغانسېرى كەڭدىلىك بولۇپ،
ھەر قايسىسى ئۈچ بۇلۇڭلۇق چېسى بەلگىنى ھاسىل قىلىدۇ.



58 ـ رەسىم قاپاقسىمان سارازىت
چىۋىن

1. ئەركەك پاشىنىڭ بەلگىنى 2. تۇخۇمى
3. لىچىنكىسى 4. قونچىقى 5. لىچىنكىسى
نىڭ كۆكرەك بۆلىكىدىكى چوڭ
تۇخۇمى

تۇخۇمى ئاق، سوقىچاق شەكىلدە بولىدۇ. لىچىنكىسى ئاق، چۈۋىن قۇرۇتى شەكىلدە بولىدۇ. قونچىقى قىزغۇچ قارا، ئۇزۇنچاق بولىدۇ (58 ـ رەسىم).

**ياشاش ئادىتى** گۆاكدۇك ئۆلكىسىدە بىر يىلدا 12~13 ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. قونچىقى تۇپا ئارىسىدا قىشلايدۇ. كېيىنكى يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە. يېڭىلىقىنى قونچاقنى چىقىدۇ، قونچاقنى چىقىپ، ئىككىنچى كۈنىلا

www.uyghurkitap.com

جۈپلىشىپ، ئۈچىنچى كۈندىن باشلاپ تۇخۇم تۇغىدۇ. تۇخۇملاش مەزگىلى باھار پەسلىدە 4 كۈن ياز پەسلىدە 3 كۈن بولىدۇ. لىچىنكىسى تۇخۇمدىن چىقىپ قوچاققا ئايلانغىچە 7~8 كۈنلا ۋاقىت كېتىدۇ. قوچاق مەزگىلى 10~12 كۈن بولىدۇ. ئاز ساندىكىلىرىنىڭ 20 كۈنگە يېتىدۇ. 10 كۈنلۈك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 26C° غا چىققاندا، بىر ئەۋلادىنى 20~23 كۈن ئىچىدە يېتىلدۈرۈپ بولىدۇ.

يېتىلگەنلىرى كۆپىنچە ئەتىگەنلىكى. كەچقۇرۇنلۇقى ھەركەت قىلىدۇ، گۈل شىرنىسى ۋە كۆك پىت شىرنىسى يەيدۇ. 6 كۈن ئۆمۈر كۆرىدۇ. كۈن كېپىنەكى. پەرۋانە تۈرىدىكىلەرنىڭ لىچىنكىسىنىڭ تېنىگە، بولۇپمۇ كۆكرەك پۈتىنىڭ يېنىغا تۇخۇم تۇغىدۇ. ھەر بىر پارازىت خوجايىنىغا 2 دىن تۇخۇم تۇغىدۇ. چىشىسىنىڭ ھەر بىرى 80 ئەتراپىدا تۇخۇم تۇغىدۇ. تۇخۇمى يېپىشقاق سۇيۇقلۇق ئارقىلىق لىچىنكىسىنىڭ تېنىگە مەھكەم چاپلىشالايدۇ. بەزى چاغلاردا سېۋەتكە قەغەز پارچىسىغىمۇ تۇغۇپ قويىدۇ. 3~4 كۈندىن كېيىن تۇخۇمدىن لىچىنكىسى چىقىپ ھاشارەت تېنىگە تېشىپ كىرىدۇ. تېشىپ كىرگەن ئورنىدا كىچىك قارا داغ شەكىللىنىدۇ. لىچىنكا ئارقا ھاۋا تۆشۈكىنى كىرىش تۆشۈكىگە توغرىلاپ مۇقىملاشتۇرۇپ نەپەسلىنىدۇ. ئوزۇقلۇقى تۈگەپ كەتسە، ھاشارەت تېنىنى زىدە قىلىپ يۆتكەپ يۈرۈپ يەپ، ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ. ئادەتتە تەييارلىق قوچاق مەزگىلىدە ئۆلتۈرىدۇ. بىر پارازىت خوجايىنىنىڭ تېنىدە

ئۇنىڭغا ھېساب بىلەن 2 لىچىنكا، ئەڭ كۆپ بولغاندا 5 لىچىنكا پارازىت ياشايدۇ. لىچىنكا پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن، پارازىت خوجايىنىنىڭ بەدىنىدىن چىقىپ تۇپراقتا كىرىپ قوچاقتا ئايلىنىدۇ.

ئاسراش ۋە پايدىلىنىش زىيانداش ھاشارەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن، سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇپ كۆپەيتىپ ئاندىن قويۇپ بەرسە بولىدۇ.

## 2. تۈكلۈك قۇرۇت پارازىت چىۋىنى

خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، بۇ پارازىت چىۋىن ئاق تېرەك پەرۋانىسى، زەھەرلىك سۆگەت كېپىنىكى، سۆگەت پەرۋانىسى، قوش قۇيرۇقلۇق پەرۋانە، ئۇششاق قوڭۇر تېرەك پەرۋانىسى، زەھەرلىك كېپىنەك قاتارلىقلارنىڭ لىچىنكىسىنىڭ تېنىدە ياكى قوچىقىدا پارازىت ياشايدۇ، بۇ ئاشۇنداق زىيانداش ھاشارەت-لەرنىڭ مۇھىم كۈشەندىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپلەپ پەيدا بولۇشىنى چەكلەشتە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ

تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى يېتىلگىنىنىڭ تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8~13 مىللىمېتىر بولىدۇ. بېشى توق كۈلرەڭ تۈكلەر بىلەن قاپلانغان بولىدۇ. جىسمىنىڭ غولى قارا، ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئۇزۇنىغا كەتكەن 4 تال قارامتۇل سىزىقى بولىدۇ. كىچىك پلاستىنكىسى قىزغۇچ قوڭۇر بولىدۇ. قوساق قىسمى كۆكۈش قارامتۇل، ئىككى يان تەرىپىدە ئېنىق كۆرۈن-

www.uyghurkitap.com

مەيدىغان تۇنۇق ساغۇچ داغ بولىدۇ. دۈمبىسى ئاقۇش كۈلرەڭ تۈكلەر بىلەن قاپلانغان بولىدۇ، ھەرقايسى بوغۇمنىڭ دۈمبە تەرەپتىكى قىرغاقلىرىدا توغرىسىغا كەتكەن بىر تالدىن قارا سىزىق داغ شەكىللەنگەن بولىدۇ. بۇلاردىن قەۋەت 3-، 4-دۈمبە بوغۇمىنىڭ ئوتتۇرا سىزىقىنى بويلاپ ئارقا بەرەبىكە بۆرتۈپ چىققان بولىدۇ، ھەرقايسىسى بىردىن ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدىكى ئۆتكۈر چىشنى شەكىللەندۈرىدۇ. سۈكا توغرىسىغا كەتكەن قارا داغ "M" شەكىللىك داغقا ئوخشايدۇ (59-رەسىم).



59-رەسىم تۆكلۈك قۇرۇت پارازىت چىۋىنى

**ياشاش ئادىتى** بىر يىلدا قالدۇرىدىغان ئەۋلادىنىڭ سانى ئىنىق ئەمەس. بىر ئەۋلادىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ياز پەسلىدە 16~18 كۈن كېتىدۇ. يېتىلگىنى كۆپىنچە چۈشتىن بۇرۇن قوچاقتىن چىقىپ، پارازىت خوجايىنىنى تېپىشنىڭ يان تەرىپىگە بىر تۇخۇم تۇغۇپ، تۇخۇمنى پارازىت خوجايىنى بوستىغا يېپىشتۇرۇپ قويىدۇ. تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن كېتىپ قالىدۇ ياكى ئۇدا بىرقانچە قېتىم تۇغىدۇ، تۇخۇمنى 5 ياشتىن ئاشقان لىچىنكا ئەڭ ئاسان يېپىشتۈرىدۇ. تۇخۇمى ئاق، سوقچاق بولىدۇ. كېيىن سېرىق بولۇپ قالىدۇ. تۇخۇم مەزگىلى 4~5 كۈن بولىدۇ. لىچىنكا تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن ئادەتتە شاكالدىن ئايرىلىپ كەتمەيدۇ. ئاغزى ئارقىلىق پارازىت خوجايىنى

تېنىدىن كىچىك بىر تۆشۈك ئېچىۋېلىپ، ئاندىن ئاستا-ئاستا ئىچكىرىلەپ كىرىدۇ. لىچىنكا مەزگىلى 4~5 كۈن بولىدۇ، ئىككى قېتىم تۈلەپ يېتىلىپ بولىدۇ. لىچىنكىلىرى بىر بىرىنى ئۆلتۈرمەيدۇ، ئوخشاش بىر پارازىت خوجايىنى ئىچىدە ئۇرۇغلىغان بەككە نەچچە بىر ۋاقىتتا پارازىت ياشايدۇ. لىچىنكا يېتىلىپ بولۇشقا بىر قانچە سائەت قالغاندا، پارازىت خوجايىنى ئۆلتۈرۈپ. ئۇنىڭ تېنىدىكى ئوزۇقلۇقلارنى پۈتۈنلەي يەپ تۈگىتىدۇ ياكى كۆپ قىسمىنى يەپ بولىدۇ. چۈنكى قۇرۇتنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ يېتىلىپ بولۇش ۋاقتى پارازىت خوجايىنىنىڭ قوجاق دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ، ئاز ساندىكىلىرىنىڭ يېتىلىپ بولۇش ۋاقتى پارازىت خوجايىنىنىڭ لىچىنكا مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى قۇرۇتى يېتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى پارازىت خوجايىنى تېرىسىنى تېشىپ چىقىپ 1~5 سانتىمېتىر چوڭقۇر توپىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قوجاققا ئايلىنىدۇ. ئاز ساندىكىلىرى پارازىت خوجايىنى ئىچىدە قېلىپ، بىۋاسىتە قوجاققا ئايلىنىدۇ. قوجاق مەزگىلى 8~9 كۈن بولىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** قالغانلىرى پارازىت چىۋىن بىلەن ئوخشاش.

### 3. پارازىت ياشايدىغان باشقا چىۋىنلەر

**1. يېپىشقاق قۇرۇتنىڭ پارازىت چىۋىنى** بەلگىسى ئوتتۇرا ھال چوڭلۇقتا، رەڭگى بوز قوڭغۇر بولىدۇ، بېشىنىڭ

ئۇزۇنلۇغى 15 ممللىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. غولىدا ئاقۇش كۈلرەڭ تۈزۈندا بولىدۇ. ئۇزۇتىغا كەتكەن 4 تال قارا سىزىق بولىدۇ. كىچىك قالقانسىمان پىلاستىنكىسى قىزغۇچ قوڭۇر بولىدۇ، قوساق قىسمىدا ئاقۇش كۈلرەڭ تۈزۈندا بولىدۇ. دۈمبىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇتىغا كەتكەن قارامتۇل داغ بولىدۇ، ئىككى يان تەرىپى قىزغۇچ قوڭۇر بولىدۇ (60 ـ رەسىم).

بۇ خىل چىۋىن يىپىشقاق قۇرۇت، موچى قۇرۇت قاتارلىق كۆن كېپىنىكى، پەرۋانە تۈرىدىكى ھاشارەتلەرنىڭ لىچىنكىسىنىڭ تېنىدە ۋە قونچىقىنىڭ ئىچىدە پارازىت ياشايدۇ. 1965 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى خېنەن ئۆلكىسى شىنجېڭ ناھىيىسىنىڭ



60 ـ رەسىم يىپىشقاق قۇرۇتنىڭ پارازىت ھەرىسى



61 ـ رەسىم ئۆي تەكىننىڭ پارازىت چىۋىنى

چىلانلىق رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتە، چىلاندا بولىدىغان موچى قۇرۇتنىڭ قونچىغى ئىچىدە بۇ خىل چىۋىنلەرنىڭ يېتىلگەنلىكى مەلۇم بولغان.

**2. ئۆي تەكىننىڭ پارازىت چىۋىنى** يېتىلگىنىنىڭ جۇغى

ئوتتۇراھال، رەڭگى بوز ساغۇچ بولىدۇ، تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 9~14 مىللىمېتىر بولىدۇ. غولىدا ئۇزۇنىغا كەتكەن 4 تال سىزىق بولىدۇ. قوساق قىسمىنىڭ ئىككى يان تەرىپى قىزغۇچ قوڭۇر بولىدۇ. دۈمبىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قارا سىزىق بولىدۇ (61 ـ رەسىم).

بۇ خىل چىۋىن كۆن كېپىنىكى، پەرۋانە تۇرىدىكى ھاشا ـ رەتلەرنىڭ لىچىنكىسىنىڭ تېنىدە پارازىت ياشايدۇ. لىچىنكىسى پارازىت خوجايىنى تېنىدىكى سۇيۇقلۇق بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**3. تۇكلۇك قارىنىغاي قۇرۇتىنىڭ تار پىشانە پارازىت چىۋىنى** يېتىلگىنىنىڭ تېنى 6.5~9 مىللىمېتىر، بېشى قىسقا ھەم كەڭ بولىدۇ، پىشانىسى بەك تار بولىدۇ، سەزگۈ بۇرۇتى قارا بولىدۇ. كۆكرەك قىسمى قارا، ئاقۇش بوز تۈزۈندا بىلەن قاپلانغان بولىدۇ، دۈمبىسىدە ئۇزۇنىغا كەتكەن 3 تال قارا سىزىق بولىدۇ، قوساق قىسمى قارا، 2~4 ـ دۈمبە بوغۇمىنىڭ ئىككى يان تەرىپىدە سېرىق داغ بولىدۇ (62 ـ رەسىم).

**4. ئۇزۇن پۇتلۇق پارازىت چىۋىن** يېتىلگىنىنىڭ چوڭى ئوتتۇراھال، رەڭگى بوز بولىدۇ. پۇتى، تۇمشۇغى ئالاھىدە ئۇزۇن بولىدۇ، پۇتى تۇمشۇغىدىن 1.5 ھەسسىدىن كۆپرەك ئۇزۇن بولىدۇ. پۈتۈن بەدىنىنى ئاق تۈزۈندا قىلىن قاپلىغان، دۈمبىسى ئاقۇش بوز، قىزغۇچ قوڭۇر بولىدۇ، دۈمبىسىنىڭ جىنىك ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇنىغا كەتكەن قارا سىزىق بولىدۇ. ئىككى يان تەرىپى سۇس سېرىق بولىدۇ. تېنىنىڭ ئاخىرىسى قارا بولىدۇ

www.uyghurkitap.com

(63 ـ رەسىم).

كۈن كېپىنىگى، پەرۋانە تۇرىدىكى ھاشارەتلەرنىڭ لىچىنكى-سىنىڭ ۋە ماي قوڭغۇزى لىچىنكىسىنىڭ تېنىدە پارازىت ياشايدۇ.



63 ـ رەسىم ئۇزۇن پۇتلۇق پارازىت چىۋىن



62 ـ رەسىم تۈكلۈك قارىغاي قۇرۇتىنىڭ تار پىشانە پارازىت چىۋىنى

**5. قوڭغۇر قۇيرۇقلۇق كىچىك كەندىر چىۋىنى** يېتىلگەنلىرىنىڭ جۈغى ئوتتۇراھال، رەڭگى بوز بولىدۇ، پارقىرىمايدۇ. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10~12 مىللىمېتىر بولىدۇ. غولىدا ئاقۇچ بوز تۈزۈندا قەۋەتى بولىدۇ، ئۇزۇنىغا كەتكەن ئېنىق كۆرۈنىدىغان ئۈچ تال قارا سىزىق بولىدۇ. قوساق قىسمى ئىنچىكە ئۇزۇن بولىدۇ، دۈمبىسىدە رەتسىز جايلاشقان قارا داغلار بولىدۇ (64 ـ رەسىم).

بۇ خىل چىۋىن كۈن كېپىنىگى، پەرۋانە تۇرىدىكىلەرنىڭ لىچىنكىسىنىڭ تېنىدە پارازىت ياشايدۇ.

6. ئاچماق تۇمشۇق كۆكۈيۈن بېتىلگەنلىرىنىڭ جۈغى ئوتتۇراھال، رەڭگى قارا، پۈتۈن تېنىدە قويۇق ئۆسكەن سۇس سېرىق، ئىنچىكە، ئۇزۇن تۈك بولىدۇ. تۇمشۇغى ئۇزۇن بولۇپ، ئالدى نەرەپكە جىقىپ تۇرىدۇ. ئۇزۇنلۇغى ئۆزىنىڭ تۇرۇنلۇغىنىڭ 3 تىن 1 قىسمىغا تەڭ كېلىدۇ. ئالدىنقى قانىتى قارا، ئۇزۇن، قانىتىنىڭ ئالدى قىرغىغى قارامتۇل قوڭۇر بولىدۇ. ئوتتۇرا قىسمى دولقۇنسىمان بولىدۇ. قوساق قىسمى دىخماق، قويۇق ئۆسكەن ساغۇچ ئىنچىكە ئۇزۇن تۈكلەر بىلەن قاپلانغان بولىدۇ. نىسبەتەن ئۇزۇنلۇغى 7~11 مىللىمېتىر كېلىدۇ (65 ـ رەسىم).



64 ـ رەسىم قوڭۇر قۇيرۇقلۇق كىچىك كەپتەر چىۋىنى



65 ـ رەسىم ئاچماق تۇمشۇق كۆكۈيۈن

يېتىلگەنلىرى كۆك پىت، يوپۇرماق تومۇز قۇرۇتى قاتارلىق تۇمشاق تەنلىك زىياندەش ھاشارەتلەرنىڭ سېرىقىدىكى سۇيۇقلۇقى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

7. ئۇزۇن تۇمشۇق كۆكۈيۈن بېتىلگەنلىرىنىڭ تېنى

9~11 مىللىمېتىر، رەڭگى قارا، ئاق بولىدۇ، ئىنچىكە ئۇزۇن تۈكى بولىدۇ. دۈمبىسىنىڭ بوغۇملىرى قارا، قولتۇقى سۇس سېرىق بولىدۇ، ئۇزۇن تىكەنسىمان تۈكى بولىدۇ. قوساق قىسمىدا ئاق تۈك بولىدۇ، تۇمشۇقى ئىنچىكە، ئۇزۇن بولىدۇ (66 ـ رەسىم).



66 ـ رەسىم ئۇزۇن تۇمشۇق كۆكۈيۈن

پارازىت ياشاش ئادىتى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان تۈرنىڭكىگە ئوخشاش.

## 3. تاغىل تۈۋتلىق قالقانلىق قوڭغۇز

تاغىل تۈۋتلىق قالقانلىق قوڭغۇز يالىڭاچ ئوۋلۇق ئۇزۇن بۇرۇنلۇق قوڭغۇزنىڭ لىچىنكىسىدا ياشايدىغان مۇھىم كۆشەندە ھاشارەت. پارازىت خوجايىنى مەخسۇس بولىدۇ. خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ تيەنمېن رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، بىر تۈپ دەرەختە پارازىت ياشاش نىسبىتى ئەڭ يۇقۇرى بولغاندا 70% تىن ئارتۇق بولىدىكەن. خېنەن ئۆلكىسىدە تېخى تەكشۈرۈپ چىقىلمىدى.

**تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى** يېتىلگىنىنىڭ تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5~10 مىللىمېتىر، رەڭگى قارامتۇل قوڭۇر بولىدۇ. قاتتىق قانىتىنىڭ يۈزىدە قوڭۇر ياكى بوز قوڭۇر رەڭگىچە

داغلار بولىدۇ ھەمدە چېكىت ۋە ئۇچۇق كۆرۈنىدىغان 4 تال چوڭقۇر ئېرىقچە بولىدۇ. تۇخۇمى ئاق، ئۇزۇنچاق بولىدۇ. لىچىنكىسىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 10~15 مىللىمېتىر، ئاق، چىۋىن قۇرۇتى شەكلىدە بولىدۇ (67 ـ رەسىم).




67 ـ رەسىم تاغىل تۆۋتىلىق قالقانلىق قوڭغۇز

1. يېتىلگىنى 2. قوجاقتا پارازىت ياشاش ئەھۋالى. 3. لىچىنكىسى

**ياشاش ئادىتى** قالدۇرىدىغان ئەۋلادىنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس، يېتىلگەنلىرى دەرەخ قوۋزىغىنىڭ يېرىقلىرىدا، ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇز تەرىپىدىن چىرىتىلگەن تۆشۈكلەردە ۋە دەرەخنىڭ كامارلىرىدا قىشلايدۇ، كېيىنكى يىلى 2 ـ ئايدا يېتىلىپ ھەركەتلىنىشكە باشلاپ، پارازىت خوجايىنىنى تېپىپ، ئۇنىڭ تېنىگە تۇخۇم تۇغىدۇ. 4 ـ ئاينىڭ باشلىرى ئۇنىڭ تازا تۇغىدىغان مەزگىلى بولىدۇ. بىر دانە ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇز لىچىنكىسىنىڭ تېنىدە تاغىل تۆۋتىلىق قالقانلىق قوڭغۇز لىچىنكىسىدىن 1~27سى ياشايدۇ ھەمدە ئۇ ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇز لىچىنكىسىنىڭ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ نەدرىجى يېتىلىدۇ. ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇز لىچىنكىسى قېرىپ، ئۇۋا ياساپ قوجاقچا ئايلىنىشقا باشلىغاندا، بالدۇرراق يېتىلگەن تۆۋتىلىق تاغىل قالقانلىق قوڭغۇز لىچىنكىسى ئۇنىڭ لىچىنكىسىنىڭ پوستىنى تېشىپ

www.uyghurkitap.com

جىقىپ كېتىدۇ. ئاغىل تۇشۇكلۈك قالقانلىق قوڭغۇزنىڭ لىچىنكىسى ئاستا ھەرىكەتلىنىدۇ، يۇمران شاخنىڭ پوستىدىن ئوزۇقلىنىدۇ، لېكىن ئوزۇقلىنىش مىقدارى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. كۈچلۈك نۇردىن قورقىدۇ. كۈندۈزى دەرەخ قوۋزىقىنىڭ يېرىقلىرىدا ۋە دەرەخنىڭ كامارلىرىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ. ئاخشىمى ۋە كېچىسى ھەرىكەتلىنىپ پارازىت خوجايىنىنى تېپىپ، ئۇنىڭ تېنىگە تۇخۇم تۇغۇپ پارازىت ياشايدۇ. ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋېلىشنى بىلىدۇ، ئۇچۇش ئىقتىدارى ئاجىز، سىر بىرىنى ئۆلتۈرىدۇ.

**ئاسراش ۋە پايدىلىنىش** ئاغىل تۇشۇكلۈك قالقانلىق قوڭغۇز يالاكەترەك بولىدۇ، شۇڭا ئۇنى سۈنئىي يول بىلەن ئاسراشقا، كۆپەيتىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئادەتتە ئۇ كۆپىرەك پەيدا بولغان دەرەخكە ئوت-چۆپتىن بەلباغ باغلاپ قويۇلسا، ئوت-چۆپ ئىچىگە كىرىپ يوشۇرۇنىدۇ، كېيىن ئۇنى يىغىپ ئۇزۇن ئۈرۈتلۈك قوڭغۇز لىچىنكىسى بار دەرەخكە باغلاپ قويسا، ئۇ پارازىت ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، دەرەخنىڭ ئىچىدا باكى كامارلىرىدا تاغىل تۇشۇكلۈك قالقانلىق قوڭغۇز بارلىقى سېزىلگەندىمۇ، ئۇنى مۇۋاپىق ئاسراپ، ئۆز ۋاقتىدا پارازىت خوجايىنى بار جايغا يۆتكەپ قويۇش كېرەك.

# ئۈچىنچى باب

# كۆشەندە ھاشارەتلەرنىڭ نۇسخىلىرىنى يىغىش ۋە ساقلاش

كۆشەندە ھاشارەتلەرنىڭ تۈرىنى، تارقىلىشىنى ۋە نىسبەتىنى بىلىش كۆشەندە ھاشارەتلەردىن پايدىلىنىپ، زىيانداش ھاشارەتلەرنى تىزگىنلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ نۇسخىلىرىنى يىغىش، ساقلاش ئىنتايىن مۇھىم.

كۆشەندە ھاشارەتلەرنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، يوشۇرۇنىدىغان ماكانى ۋە ياشاش ئۇسۇلى بىر-بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، يىغىش، ساقلاش ئۇسۇلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، ھازىر كۆشەندە ھاشارەتلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان يىتىلىش مەزگىلى ۋە ياشاش ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندە قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

## 1. تۇخۇم ئىچىدە پارازىت ياشايدىغان ھاشارەتلەرنىڭ نۇسخىلىرىنى يىغىش ۋە ساقلاش

قىزىل كۆزلۈك ھەرە، ھاققانى كىچىك ھەرە قاتارلىق بەزى پارازىت ھەرىلەر زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ تۇخۇمى ئىچىدىلا

پارازىت ياشايدۇ. بۇ پارازىت ھەرىلەرنىڭ تۈرىنى، تارقىلىش ئەھۋالىنى ۋە پارازىت ياشاش نىسبىتىنى بىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن رىبانداش ھاشارەتلەر تۇخۇم تۇغىدىغان مەزگىل ۋە ماكانىنى شۇنىڭدەك تۇخۇمنىڭ شەكلىنى. چوڭ - كىچىكلىكىنى، رەڭگىنى، تىزىلىش شەكلىنى بىلىش لازىم. تۇخۇمنى تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى يېپىشقاق نەرسىلەر بىلەن قوشۇپ ئاستا ئېلىپ، ئايرىم - ئايرىم ئەينەك نەيچىگە سېلىپ، ئاغزىنى سۇلياۋ پەردە بىلەن ئېتىپ، ئۇنىڭ پارازىتلىنىش نىسبىتىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش لازىم. قارىدىغانلىقى تۇخۇمنىڭ كۆپىنچىسى پارازىتلانغان بولىدۇ. ئەينەك قۇتىنىڭ تېگىگە ئازراق سۇ شۈمۈرىدىغان قەغەز ياكى دېزىنفېكسىيە قىلىنغان پاختا قويۇلۇشى كېرەك. ئەگەر ھاۋا بەك قۇرغاق بولۇپ كەتسە، ئەينەك قۇتىنى قاپقاق سۇغا چىلانغان پاختا كالىلىكى بىلەن بوشراق نەملەپ قويسا بولىدۇ. ئەينەك قۇتىنىڭ ئاغزىنى كۈن نۇرى چۈشكەن تەرەپكە قارىتىپ قويسا، يېتىلگەن ھەرە چىققاندىن كېيىنلا ئۇچۇپ كېلىپ ئەينەك قۇتىنىڭ ئاغزىغا توپلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ھەرىنى پارازىت خوجايىنىنىڭ تۇخۇمى بىلەن قوشۇپ 70% لىك ئىسپىرتقا چىلاپ قويۇش لازىم، ئاندىن كېيىن كىچىك ئەينەك قۇتىنى چوڭ قۇتىنىڭ ئىچىدىكى ئىسپىرتقا سېلىپ ساقلىسا بولىدۇ. ئەگەر دەرھال تەكشۈرۈشكە توغرا كەلسە، تىرىك ھەرىلەرنى تەجرىبە نەيچىسىگە سېلىپ، 40~50°C لۇق ئىسسىق سۇ قۇيۇپ جالغۇدۇرۇپ، ھەرىلەرنى كۆيدۇرۇپ ئۆلتۈرۈش، ئاندىن كېيىن

70% لىك ئىسپىرتتا 30~60 مىنۇت چىلاپ قويۇش لازىم،
سۇندىن كېيىن، نېمى يۇيۇلۇپ كەتمىگەن ئەركەك، چىشى-
لىرىنى تاللاپ ئەينەككە ئېلىپ، قوش كۆزلۈك ئوپېراتسىيە
مىكروسكوپى ئاستىدا قويۇپ، تۇزەشتۈرۈپ ۋە ئۈستىگە يېلىم
تېمىتىپ، ئەينەك بىلەن يېپىپ، كۆپ نەگەمەيدىغان ئورۇندا
قۇرۇتقاندىن كېيىن كۆزەتسە بولىدۇ. ئەگەر قۇرۇپ كەتكەن
ئۆلۈك ھەرىدىن يۇسخا ئېلىشقا توغرا كەلسە، ئاۋال ھەرىنى
5% لىك ئويغۇچى ناترىي سۇيۇقلۇقىغا چىلاپ يۇمشىتىپ قىزد-
تىش، ئاندىن كېيىن يۇقۇرىدىكى ئۇسۇل بىلەن يۇسخا ئېلىش
لازىم. ئەگەر ئەركەك ھەرىنىڭ تاشقى جىنسى ئەزاسىنى
كۆرۈشكە توغرا كەلسە، ھەرىنى ئەينەكنىڭ ئۈستىگە قويۇپ،
قوسىغىنى ئاسمانغا قىلىپ، تۆۋەن ھەسسىلىك (100 ھەسسىلىك)
مىكروسكوپ ئاستىدا تاشقى جىنسى ئەزاسىنىڭ ئورنىنى تەكشۈر-
گەندىن كېيىن، ئاندىن قوش كۆزلۈك ئوپېراتسىيە مىكروسكوپى
ئاستىغا قويۇپ، ئىنچىكە ئوپېراتسىيە پىچىقى ئارقىلىق تاشقى
جىنسى ئەزاسىنى چىقىرىۋېلىپ، باشقا توقۇلمىلىرىنى تازىلاپ
چىقىرىۋېتىپ، ئۈستىگە يېلىم تېمىتىپ، ئەينەك بىلەن يېپىپ
قويۇش لازىم، بۇ چاغدا ئۇ ئىشلىتىشكە تەييار لانغان بولىدۇ.
يۇقۇرىدىكى ئىشنى ئىشلىگەن چاغدا، تۇخۇمنىڭ يارىلىنىش نىسبىتى، سانىنى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ قايسى خىل پارازىت
خوجايىنىنىڭ تۇخۇمى ئىكەنلىكىنى خاتىرىلەش لازىم. زۆرۈر
تېپىلغاندا، پارازىت خوجايىنىنىڭ تۇخۇمىنى سۇنئىي ئۇسۇل

سلەن بىعسپ يېتىشتۈرۈلگەن ھاشارەتكە ئايلانـدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

## 2. لىچىنكىدا پارازىت ياشايدىغان ھاشارەتـلەرنىڭ تۇخۇمـلىرىنى يىغىش ۋە ساقلاش

زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ لىچىنكىسىنى كۆزەتكەندە مۇنداق ئەھۋالنى بايقاش مۇمكىن، يەنى ئۆسۈپ يېتىلىشى ناچار، ھەر-كىمى ئەيىرى نورمال بولغانلىقى ھاشارەتلەرنىڭ تېنى پارازىت-لانغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۇنى يىغى-ۋېلىپ سۇنئىي يوسۇندا بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. بېقىش جەريانىدا، بەزى ھاشارەت لىچىنكىسى پالەچ بولۇپ، كېيىن قېتىپ قالغان بولسا، بۇ ھال پارازىتلانغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر لىچىنكا تېنىدىن كىچىك ھەرە ئۇچۇپ چىقسا ياكى تېنىنىڭ سىرتىدا بىپىلىق غوزەك ھاسىل بولغان بولسا، ئۇنىڭدا كىچىك غوزەك ھەرىسى پارازىت ياشىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ چاغدا، كىچىك غوزەكنى ياكى لىچىنكىنى ئەيىنەك نەيچىنىڭ ئىچىگە سېلىپ، نەملىكىنى ساقلاش، يېتىلگەن ھەرە چىققاندىن كېيىن 70% لىك ئىسپىرت ئىچىدە ساقلاش لازىم. بەزى چاغ-لاردا زىرائەتنىڭ ياكى ئورمان، مېۋىلىك دەرەخنىڭ شاخ،

يوپۇرماقلىرىدىمۇ پارازىتلانغان ھاشارەت ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ تېنىدە ياكى ئەتراپىدا نۇرغۇن ھاشارەت پىچىسى بولسا ھەمدە ئاق ياكى ساغۇچ كىچىك غوزەك بولسا، بۇلارمۇ كىچىك غوزەك ھەرىسى تەرىپىدىن پارازىتلانغانلىقنىڭ بەلگىسى بولىدۇ، بۇ چاغدا ھاشارەتنى يېپىلغان غوزەك بىلەن قوشۇپ يىغىپ ئېلىپ كېتىپ، ئۇنىڭدىكى ھەرە چىقىرىۋېتىلسە بولىدۇ.

## 3. قوچاق ئىچىدە پارازىت ياشايدىغان ھاشارەتلەرنىڭ نۇسخىلىرىنى يىغىش ۋە ساقلاش

ھاشارەت قوچىقىنىڭ پارازىتلىنىش ئەھۋالىنى ئادەتتە پارازىت خوجايىنى قوچىقىنىڭ ھەرىكەتكە قاراپ بايقاش مۇمكىن. پارازىتلانغانلىقى قوچاق قېتىپ قالغان بولىدۇ، قوسىقىنى تۇتۇپ قويسا، مىدىرلىمايدۇ، ساغلام قوچاق بولسا مىدىرلايدۇ. بۇنداق قوچاقنى ھاشارەت بېقىش قەپىزىدە ياكى تۇپراققا بېقىپ، ھەرە چىققاندىن كېيىن 70% لىك ئىسپىرتقا سېلىپ ساقلىسا بولىدۇ. بەزى توقال ھەرىلەر ياشايدىغان ھاشارەتنىڭ لىچىنكىسى تېنىگە تۇخۇم تۇغىدۇ، پارازىت خوجايىنىنىڭ قوچاققا ئايلىنىشى بىلەن، ئۇمۇ قوچاقنىڭ ئىچىدە يېتىلىدۇ ۋە رەسمىي يېتىلگەندىن كېيىن قوچاقنى تېشىپ چىقىدۇ. شۇڭا بۇنداق ھەرىسى بار

خوجايىنى لىچىنكىسى بىلەن باقىدىلا، ئاندىن يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

قىشلىق قوچاقنىڭ ئىككىنچى بىلى باھارغىچە ساق تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى قەپەزگە سېلىپ، ئۈستىنى سىم تور بىلەن، نېگىنى داتلاشمايدىغان تور بىلەن ئېتىپ، مېنال نەھسىگە قويۇپ، تەھسىنىڭ ئىچىگە نوسقىچە پاكىز سۇ قويۇش، ئۇنى قورۇتۇۋەتمەسلىك لازىم. قوچاقنى قەپەز تېگى-دىكى بىلىنىر قەغەزنى ئۈستىگە ياكى قەغەز سېلىنىدىغاننىڭ ئىچىگە سېلىپ قويۇش، ئۇنى تەھسىدىكى سۇغا چىلىشىپ قالماي-دىغان قىلىش كېرەك. ئۇيراقتا قىشلىغان قوچاقنى ساپال تەش-تەككە سېلىپ، سىرتىنى داتلاشمايدىغان تور بىلەن بوغەپ ئۇيراققا كۆمۈپ قويۇش لازىم. قوچاقنىڭ كۆمۈلۈش چوڭقۇر-لۇقى تەبىئى ئەھۋال بىلەن ئوخشاش بولۇشى لازىم.

## 4. يېتىلگەن كۈشەندە ھاشارەتلەرنىڭ نۇسخىلىرىنى يىغىش ۋە ساقلاش

خانقىز، ئالتۇن كۆز، ھەرە، چېرپاسكا، ماكدامچى قوڭغۇز قاتارلىق كۈشەندە ھاشارەتلەرنىڭ يېتىلگەنلىرى ھاشارەت تۇتۇش تورى ياكى مىسقۇچ قاتارلىق ئەسۋاپلار ئارقىلىق تۇتۇپ كېلىنگەندىن كېيىن، زەھەرلىك قۇتىغا سېلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. پاختا كاللىگىنى DDW غا چىلاپ قۇتىنىڭ تېگىگە قويۇپ،

ئۈستىنى قاتتىق قەغەز پارچىسى بىلەن يېپىپ قويسىلا بولىدۇ. ئۈستى ئىچىگە سېلىنغان ھاشارەت زەھەرلىنىپ ئۆلىدۇ-دە، ئاندىن ئۇنى ئېلىپ، يېڭىنە بىلەن سانجىپ قويۇپ ياكى قۇرۇتۇپ ساقلىسا بولىدۇ.

بۇ خىل كۆشەندە ھاشارەتلەرنىڭ لىچىنكىلىرى (باللىرى) ياكى قوچىقىنى شۇ پېتىلا 70% لىك ئىسپىرتقا سېلىپ ساقلىسا بولىدۇ.

## 5. كۆك پىت، قاسراقلىق قۇرۇتنىڭ كۆشەندىلىرىنى يىغىش ۋە ساقلاش

كۆك پىت، قاسراقلىق قۇرۇت قاتارلىق ھاشارەتلەرنىڭ كىچىك بارازىت ھەرىلىرىنى يىغىش ئۈچۈن، ئۇلارنى جۈملە ۋە جانقىز بۇرىدىغان جايلاردىن ئىزلەشكە توغرا كېلىدۇ، چۈنكى ئۇلار ھەمىشە ئورتاق ياشايدۇ. پارازىتلانغان كۆك پىتنىڭ قوسىغى كۆپۈپ قالىدۇ، ھەركەت قىلىش ئىقتىدارىنى يوقىتىدۇ، سۇس سېرىق ياكى قارا بولۇپ قالىدۇ، پوستى قېتىپ قالىدۇ. قاسراقلىق قۇرۇت توپى ئارىسىدىن قاسرىقىدا يېتىلگەن ھەرە چىققان تۆشۈكى بارلىقى مەلۇم بولسا، ئۇنى پارازىت ھەرە تەربىيىسى پارازىتلانغان دېيىشكە بولىدۇ. كۆك پىت ياكى

قاسراقلىق قۇرۇت ياشىغان شاخنى سۇ قاچىلانغان ئەينەك قۇتىغا سېلىپ، ئاغزىنى پاختا بىلەن ئېتىپ قويسا، كۆك پىت ياكى قاسراقلىق قۇرۇتىنىڭ تېنىدىن پارازىت ھەرىلەر كەينى-كەي-نىدىن چىقىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى 70% لىك ئىسپىرتقا چىلاپ ساقلىسا بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## قوشۇمچە: كۆشەندە هاشارەتلەرنىڭ خەنزۇچە نامى ۋە ئىلمىي نامى بىلەن ئۇيغۇرچە ئاتىلىشىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

七星瓢虫　يەتتە داغلىق خانقىز
Coccinella septempunctata L.

黑缘红瓢虫　قارا جىيەكلىك قىزىل خانقىز
Chilocorus rubidus Hope

二星瓢虫　ئىككى داغلىق خانقىز
Adonia bipunctata L.

四斑月瓢虫　تۆت داغلىق خانقىز
Chilomenes quadriplagriata Swartz

深点食螨瓢虫　سالجا بەبدىسغان قارا خانقىز
Stethorus punctillum Weise

龟蚊瓢虫　تاغىل خانقىز
Propylaea japonica Thunberg

红点唇瓢虫　قىزىل داغلىق خانقىز
Chilocorus kuwanae Silvestri

多异瓢虫　ئۆزگىرىشچان خانقىز
Adonia variegata Goeze

异色瓢虫　غەيرى تۈسلۈك خانقىز
Leise axyridis (Pallas)

www.uyghurkitap.com

大草蛉 چوك ئالتۇن كۆز

Chrysopa septempuctata Wesmael

丽草蛉 چىپار ئالتۇن كۆز

Chrysopa formosa Brauer

中华草蛉 جۇڭخۇا ئالتۇن كۆزى

Chrysopa sinica Tjeder

叶色草蛉 يېشىل ئالتۇن كۆز

Chrysopa phyllocoroma Brauer

长脚胡蜂 ئۇزۇن يۇتلۇق سېرىق ھەرە

Polistes yokohame (Radoszkowski)

蚊胡蜂 تاغىل سېرىق ھەرە

Vespa crabroniformis Smith

黄唇蜾蠃蜂 سېرىق تۇمشۇق ھەرە

Rhynchium brunneum Fabricius

蜾蠃蜂 بوغماق ھەرە

Eumenes sp.

红腰泥蜂 قىزىل بەل لاي ھەرىسى

Amnophila aenulans Kohl.

带蚊土蜂 تاغىل تويا ھەرىسى

Campsomeris sp.

刺胸金蜂 تىكەنلىك سېرىق ھەرە

Chrysis sp.

强力蛛蜂　　قىزىل قاناتلىق ھەرە

Batozonellus lacerticida Pallas

日本砂蜂　　ياپونىيە ھەرىسى

Bembicinus japonicus Sonan

二点螳螂　　ئىككى داغلىق ياچۋەك

Hierodula saussurei Kirby

螳蛉　　ياچۋەك باشلىق ئالتۇن كۆز

Mantispa ȷaponica Mac Lachlan

尖头长角蛉　　ئۇزۇن بۇرۇتلۇق ئالتۇن كۆز

Hybris subjacens Walker

粉蛉　　توزاك قاناتلىق ئالتۇن كۆز

Coniopteryx sp.

金星步甲　　چىپار ماڭدامچى قوڭغۇز

Calosoma maderae Fabricius

ئامازشام ماڭدام قوڭغۇزى

Pheropsophus jessoensis Morawitz

砂地虎甲　　قۇملۇقتا ياشايدىغان تاغىل قوڭغۇز

Cıcindela eılsae Mats.

中华虎甲　　جۇڭخۇا تاغىل قوڭغۇزى

Cicindela chinensıs Degeer

大蜻蜓　　چوڭ يىڭناغۇچ

Anax parthenope Selys

www.uyghurkitap.com

蚊虎蜻蜓 تاغىل يىڭناغۇچ
Gynacantha hyalina Selys

蠼螋 ئۇلمەك قۇرۇت
Labidura sp.

突目隐翅虫 تومپاق كۆزلۈك يوشۇرۇن فاناتلىق قوڭغۇز
Stenus sp.

阎魔虫 شەيتان قوڭغۇز
Hister simplicisternus Lewis

郭安虫 ئالا قوڭغۇز
Trichodes sinae Chevr.

露尾虫 دوغداق قوڭغۇز
Scaphidium reitteri Lewis

华野姬猎蝽 دالا ئوۋ چىرپاشكىسى
Nabis sinoferus Hsiao

广腹食虫蝽象 ھاشارەت يەيدىغان يوغان قوساق چىرپاشكا
Reduviolus apterus F.

猎蝽 ئوۋچى چىرپاشكا
Raduvdus sp.

长红猎蝽 ئۇزۇنچاق قىزىل ئوۋچى چىرپاشكا
Rhodnius prolixus

茶翅蝽象 قوڭۇر فاناتلىق چىرپاشكا
Halyomorpha picus Fabr.

花蝽 گۈللۈك چىرباسكا

Orius insidiosus Poppius

黑肩绿盲蝽 قارا عوللۇق يېشىل قارعۇ چىرپاشكا

Cyrtorrhinus lividipennis Reuter

黑食蚜盲蝽 كۆك پىت يەيدىغان قارا قارعۇ چىرباشكا

Deraeocoris punctulatus Fall.

大眼蝉长蝽 يوغان كۆزلۈك ياپىلاق چىرپاشكا

Geocoris sp.

食蚜瘿蚊 كۆك پىت يەيدىغان تۇگۈنەك ياشا

Aphidoletes meridonalis Felt

六点蓟马 ئالتە داغلىق تىرىسىس

Scolothrips sexmaculatus Pergande

带蚊蓟马 ئاغىل تىرىپىس

Acolothrips fasciatus (L.)

长扁食蚜蝇 كۆك پىت يەيدىغان ئۇزۇنچاق چىۋىن

Sphaerophoria sp

大灰食蚜蝇 كۆك پىت يەيدىغان چوك كۆلرەك چىۋىن

Metasyrphus corollae Fabr

大绿食蚜蝇 كۆك پىت يەيدىغان چوك يېشىل چىۋىن

Lasiopticus pyrastri L.

刺腿食蚜蝇 كۆك پىت يەيدىغان تىكەن ئاباقلىق چىۋىن

Ishiodon scutellaris Fabr.

www.uyghurkitap.com

黑带食蚜蝇 كۆك پس يەيدىغان قارا بالداق چىۋىن

Syrphus balteatus De Geer

盐尼食虫虻 هاشارەت يەيدىغان جاڭگال كۆكۈيۈنى

Promachus yesonicus Bigot

中国食虫虻 هاشارەت يەيدىغان جۇڭگو كۆكۈيۈنى

Ommatius chinensis Fabr.

盲走螨 قارغۇ سالجا

Typhlodromus sp.

钝绥螨 دىخماق سالجا

Ambeyseius sp.

智利小植绥螨 چىلى كىچىك ئۆسۈملۈك سالجىسى

Phytoseiulus persimilis

草间小黑蛛 كىچىك قارا ئۆسۈملۈك ئۆمۈچۈكى

Erigonidium graminicolum (Sundevall)

八点球腹蛛 8 داغلىق يوغان قوساق ئۆمۈچۈك

Theridion octomaculatum Boes et Str.

圆腹长脚蛛 ئۇزۇن پۇتلۇق پىلتە قوساق ئۆمۈچۈك

Tetrannatha shrikokiana Yagimumo

螟黄赤眼蜂 كۆمە قوناق كېپىنەكنىڭ قىزىل كۆزلۈك سېرىق ھەرىسى

Trichogramma chilonis Tshii

广赤眼蜂 چوك قىزىل كۆزلۈك ھەرە

Trichogramma evanescens Westw.

松毛虫赤眼蜂 تۈكلۈك قارىغاي قۇرۇتىنىڭ قىزىل كۆزلۈك
Trichogramma dendrolimi Mats. هەرىسى

稻螟赤眼蜂 شال كېپىنىگىنىڭ فىزىل كۆزلۈك هەرىسى
Trichogramma japonicnm Ashmead

舟蛾赤眼蜂 قولۋاق پەرۋانىسىنىڭ فىزىل كۆزلۈك هەرىسى
Trichogramma closterae Pang et Chen

金小蜂 كىجىك سېرىق هەرە
Dibrachys cavns (Wlk.)

平腹小蜂 نەكشى قوساقلىق كىچىك هەرە
Anastatus sp.

小蠹虫金小蜂 پوستلاقخورنىڭ كىجىك سېرىق هەرىسى
Tomicobia seitneri Rusch.

杏球蚧跳小蜂 شارسىمان قاسراقلىق قۇرۇتىنىڭ كىچىك
Encyrtus ması Silv. سەكرەتمە هەرىسى

跳小蜂 كىچىك سەكرەتمە هەرە
Phaenodiscus aeneus Dalm.

长盾金小蜂 ئۇزۇن قالقانلىق كىچىك سېرىق هەرە
Anysis sp.

旋蚊潜蛾小蜂 ئايلانما سىزىقلىق يەرۋانىنىڭ كىجىك پارازىت
Pleurotropis sp هەرىسى

瘿蚊啮小蜂 تۈگۈنەك پاشىسى كىچىك چاققاق هەرىسى
Tetrastichus sp.

www.uyghurkitap.com

瘿蚊广腹细蜂　　تۆگۈنەك پاشىنىڭ يوغان قوساق ھەرىسى

Platygaster error Fitch

蚜茧蜂　　كۆك پىتىنىڭ غوزەك ھەرىسى

Aphidius spp.

天蛾小茧蜂　　ياۋا تەكەنىنىڭ كىچىك غوزەك ھەرىسى

Apanteles sp.

甲腹茧蜂　　قالقان قوساقلىق غوزەك ھەرىسى

Apanteles sp.

木蠹蛾小茧蜂　　پوستلاقخور پەرۋانىنىڭ كىچىك غوزەك ھەرىسى

Bracon sp.

上海青蜂　　شاڭخەي كۆك ھەرىسى

Chrysıs shanghaiensis Smith

天牛姬蜂　　ئۇزۇن بۇرۇتلۇق قوڭغۇزنىڭ توقال ھەرىسى

Ephialtes sp.

凤蝶姬蜂　　سۇمرۇغ كېپىنەكنىڭ توقال ھەرىسى

Ichneumm jenerosus Smith

黑点瘤姬蜂　　قارا سۆگەللىك توقال ھەرە

Xanthopimpla stemmator Thunb.

二点饴姬蜂　　ئىككى داغلىق توقال ھەرە

Cremastus biguttulus Mun.

伞群追寄蝇　　قالقانسىمان پارازىت چىۋىن

Exorista civilis Rond

毛虫追寄蝇 تۈكلۈك قۇرۇتنىڭ پارازىت چىۋىنى

Exorista amueua Mesnil

粘虫寄蝇 يېپىشقاق قۇرۇتنىڭ پارازىت چىۋىنى

Cuphocera varia Fabr.

家蚕追寄蝇 ئۆي تەكىنىنىڭ پارازىت چىۋىنى

Exorista sorbillans Wied

松毛虫狭额寄蝇 تۈكلۈك قارىغاي قۇرۇتىنىڭ تار پېشانە

Carcelia bombylans rasella Bar. پارازىت چىۋىنى

长脚寄蝇 ئۇزۇن پۇتلۇق پارازىت چىۋىن

Prosena sybarita Fabr.

棕尾小麻蝇 قوڭۇر قۇيرۇقلۇق كىچىك كەندىر چىۋىنى

Sarcophaga peregrina R－D

长吻虻 ئاچىماق تۇمشۇق كۆكۈيۈن

Bombylius inajor L.

长喙虻 ئۇزۇن تۇمشۇق كۆكۈيۈن

Anastoechus nitidulus Fabr

花绒坚甲 تاغىل تىۋىتلىق قاتقانلىق قوڭغۇز

Dastarcus longulus Sharp

本书根据河南人民出版社 1978 年 9 月第 1 版第 1 次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب خېنەن خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1978-يىل 9-ئايدا نەشر قىلىنغان 1-نەشرى 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى. مۇھەممەت مامۇت

تەرجىمە مۇھەررىرى. زايىت رەھىم

مەسئۇل كوررېكتور: خۇدابەردى خېلىل

**كۈشەندە ھاشاراتلار**

تۈزگۈچى: باڭ بۇچېن

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ

مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

1985-يىل 3-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى

1998-يىل 3-ئايدا شىنجاڭدا 2-قېتىم بېسىلدى

باھاسى 6.00 يۈەن

**图书在版编目(CIP)数据**

天敌昆虫:维吾尔文/杨有乾著;木哈买提译.—2版.
—北京:民族出版社,1998.4
ISBN 7—105—03075—5

Ⅰ.天… Ⅱ.①杨… ②木… Ⅲ.天敌资源—昆虫—普及读物—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.S476

中国版本图书馆CIP数据核字(98)第03784号

民族出版社出版发行
(北京市和平里北街14号
邮编:100013　　电话.010—64228007)
民族印刷厂印刷　　各地新华书店经销
1985年3月第1版　　1998年3月北京第2次印刷
开本:787×1092毫米 1/32 印张:6
印数:4,301—9,300册　　定价:6.00元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ISBN 7-105-03075-5

9 787105 030750 >

ISBN 7—105—03075—5/G·320
民文（维32）　定价：6.00元